# بوۋاي ۋە دېڭىز

## ئېرنېست ھېمىڭۋاي (ئامېرىكا)

ئۇ مېكسىكا قولتۇقىدا تەنها ئۆزى قېيىق بىلەن بېلىق تۇتىدىغان بوۋاي ئىدى .ئۇ 84 كۈننى ئۇدا دېڭىزدا ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، قېرىشقاندەك بىر تالمۇ بېلىق تۇتالمىدى. دەسلەپكى 40 كۈنگىچە بىر بالا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغانىدى. بىراق ھەر كۈنى قۇرۇق قول كېلىۋەرگەچكە، بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى، قېرىنىڭ تەلىيى تەتۈر كېلىۋاتىدۇ، دەپ بالىسىغا باشقا قېيىققا ئالمىشىشنى بۇيرۇدى. بالا ئالماشقان قېيىق، تۇنجى ھەپتىسىلا ئۈچ بېلىقتىن ئۈچنى تۇتتى. بالا، بوۋاينىڭ ھەر كۈنى قۇرۇق قول قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بەكمۇ ئازابلىناتتى ھەم قىرغاقتا بېرىپ بوۋاينىڭ يۆگەپ

قويۇلغان قارماق تانىسى، قارماق، بېلىق سانجىيدىغان ئارا ۋە ماچتقا يۆگەلگەن يەلكەن قاتارلىق نەرسىلىرنى ئېپكېلىشىپ بېرەتتى. بوۋاينىڭ يەلكىنى ئۇن خالتىلىرى بىلەن قاتمۇ قات يامالغاچقا، يۆگىگەن چاغدا كىشىگە بەئەينى مەغلۇب بولۇشتىن بېشارەت بېرىۋاتقان بايراقنى ئەسلىتەتتى.

بوۋاينىڭ بويىنى چوڭقۇر قورۇقلار بىلەن تولغاچقا، ئورۇق ۋە سولغۇن كۆرۈنەتتى. ئىككى ئالقىنىدا ئارغامچا تارتىشتىن ھاسىل بولغان قاپارتقۇلار بار ئىدى. بۇ كونا قاپارتقۇلار ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خۇددى سازلىقلاردىكى سۈيى تۈگەپ قاغجىراپ كەتكەن يەرلەرگە ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇنىڭ جىسمىدىكى ئىككى كۆزىدىن باشقا بارلىق ئەزالىرىدىن قېرىلىق بىلىنىپ تۇراتتى.

پەقەت دېڭىــز ســۈيگە ئوخشــايدىغان كــۆك كــۆزلىرىلا، گويــا مەيۈســلىنىش دېگەننــى ئــۆزىگە يولاتمايدىغاندەك ھامان شاتلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن چاقناپ تۇراتتى.

-ســانديياگ،-دېــدى بــالا، ئــۇلار قېيىقنــى باغلاپ قويغان جايدىن قايتىۋاتقانـدا،-ئـئىلىمىز ئاز-تولا پۇلغا ئېرىشـۋالدى، شـۇڭا بۇنـدىن كېـيىن يەنە سىزگە ھەمراھ بولاي دەيمەن.

بـالا ئـۆزىگە بېلىـق تۇتۇشـنى ئـۆگەتكەن بـۇ ئۇستازىغا بەك ئامراق ئىدى.

-يــــاق،-دېــــدى بــــوۋاي،-ســــلەرنىڭ قېيىقىڭلارنىڭ ئامىتى كېلىۋاتىدۇ. شۇ قېيىـق بىـلەن بىللە بولىۋەر.

-بىراق سىـزنىڭ بۇرۇنىـمۇ ئـۇدا 87 كـۈنگىچە بىــر تــالمۇ بېلىــق تۇتالمىغــانلىقىڭىز، كېــيىن يەنە

قانداق قىلىپ ئۈچ ھەپتىگىچە ھەر كۈنى دېگۈدەك چوڭ بېلىقلارنى تۇتالىغانلىقىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟

-ئېسىمدە،-دېدى بوۋاي،-سېنىڭ مەندىن ئايرىلىپ كېتىشىڭنىڭ ماڭا ئىشەنمىگەنلىكىڭدىن ئەمەسلىكىنى بىلىمەن.

-دادام سىزدىن ئايرىلىپ كېتىشىمنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى يىرالمىدىم.

- بىلىمەن،-دېدى بوۋاي،-شۇنداق قىلغىنىڭ توغرا بولدى.

- دادام ئىشەنچ قىلالمىدى.

-شۇنداق بولغاندۇ، بىراق بىز ئىشەنچ قىلىمىز، شۇنداقمۇ؟

-شۇنداق بولمايچۇ، سىزنى دېڭىز ساھىلىدىكى مەيخانىدا بىر بوتۇلكا پىۋا ئىچىشكە تەكلىپ قىلىمەن. پىۋا ئىچىپ بولغاندىن كېيىن

ئاندىن بېلىق تۇتىدىغان نەرسە-كېرەكلەرنى ئۆيگە ئېلىپ كېتەيلى، بولامدۇ؟

- بولمايدىغان نېمىسى بار، بېلىقچىلار ھەممىز بىر ئائىلە كىشىلىرى.

ئىككىيلەن دېڭىز ساھىلىدىكى مەيخانىغا كىرىپ ئولتۇردى. بوۋاي، بېلىقچىلارنىڭ قوپال چاقچاقلىرىغىمۇ تېرىكمىدى. بەزىلەر بوۋايغا ھېسداشلىق بىلەن قاراپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلىناتتى. بىراق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتلىرىنى ئاشكارلىماستىن، دېڭىز ئېقىمى ئۈستىدە، قارماقلىرىنى دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىگە قانداق سالغانلىقى ۋە خېلىدىن بۇيان ھاۋا رايىنىڭ ياخشى بولۇۋاتقانلىقى قاتارلىقلار ئۈستىدە، قىسقىسى ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن -ئاڭلىغان ئىشلىرى ئۈستىدە پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتى. شۇ كۈنى، تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن بېلىقچىلار ئۆزلىرى تۇتقان

ساقانقۇر بىلىقلىرىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، ئۇنى ئىككى پارچە تاختاينىڭ ئوتتىگە قويۇشتى. ئاندىن ھەر بىر تاختاينىڭ بىر ئۇچىنى ئىككىدىن ئادەم كۆتۈرۈپ، ئىغاڭلاپ مىڭىپ، بېلىق مەيدانىغا ئېلىپ بېرىشتى-دە، ھاۋانا بازىرىغا بارىدىغان سوغۇق ساقلاش ماشىنىسىنى كۆتۈپ تۇرۇشتى. لەھەڭ تۇتقان بېلىقچىلار بولسا، لەھەڭلىرىنى تۇزلاش مەيدانىغا ئېلىپ بېرىپ، كانارىلارغا ئېسىپ، ئىچ -قارنىنى تازىلىغاندىن كېيىن ئۈزگۈچ قانىتىنى كېسىپ تاشلاپ، قاسىرىقىنى سويۇشتى ۋە گۆشىنى تۇزغا چىلىغۇدەك پارچە-پارچە قىلىپ چاناپ تەييارلاشتى.

شەرق شاملى چىققان چاغلاردا، پورت تەرەپتىكى لەھەڭ تۇزلاش مەيدانىدىن بىر خىل قويۇق قاڭسىق پۇراق كېلىپ تۇراتتى، بىراق بۈگۈن لەرزان جەنۇب شاملى چىققانلىقتىن، بۇ خىل پۇراق

ئىنتايىن سۇس ئىدى. مەيخانا قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇراتتى. ھاۋا تولىمۇ يېقىملىق ئىدى.

-ساندىياگ،-دېدى بالا.

- ھە!-دېدى بوۋاي. ئۇ رومكىنى تۇتقان پېتى نۇرغۇنىللار ئىلگىرىكى ئىشلارنى كۆڭلىدىن كەچۈرىۋا-

تاتتى.

-سىزنىڭ ئەتە ئىشلىتىشىڭىز ئۈچۈن ئازراق ساردىن بېلىقى ئالغاچ كېلەيمۇ؟

-ياق، ئەمدى سەن بېرىپ لېيچۇر ئوينا، مېنىڭ تېخى قېيىق ھەيدىگۈدەك مادارىم تۇرسا، روجىروئو جەمئىيىتى ماڭا تور لېيىتىپ بېرەمدۇ؟

-ماقۇل دېسىڭىزچۇ، سىز بىلەن بىللە بېلىق تۇتقىلى بارالمىسامىمۇ، ئاز-تولا باشقا ئىش قىلىپ بەرسەم دەيمەن.

-مانا بىر بوتۇلكا پىۋا ئېلىپ بەردىڭغۇ،- دېدى بوۋاي،- بالام سەن ئەمدى چوڭ بولۇپ قالدىڭ.

-سىز مېنى تۇنجى قېتىم قېيىققا ئېلىپ چىققاندا نەچچە ياشتا ئىدىم؟

-بەش ياشتا، شۇ كۈنى، مەن قېيىققا تارتىپ چىققان شوخ بىر بېلىق، قېيىققا ئۇسۇپ پارە-پارە قىلىۋەتكىلى قىل قالغان سېنىڭمۇ قورقىنىڭدىن جېنىڭ چىقىپ كېتەي دېگەن، شۇ ئىشلار ئېسىڭدىمۇ؟

-ئېسىمدە قېلىشچە، بېلىق قۇيرۇقىنى پالاقشىتىپ ئۇرۇۋېرىپ، قېيىقنى يېرىۋەتكەن ئىدى، سىز بېلىقنى كالتەك بىلەن ئۇرغانتىڭىز. مېنى قېيىقنىڭ باش تەرەپىدىكى قارماق تانىسى قويۇلغان جايغا ئولتۇرغۇزۇپ قويغىنىڭىزدا، قېيىق تىترەۋاتقاندەك تۇيۇلغان ئىدى. گويا دەرەخ

كەسكەندەك، بىلقىنى كالتەك بىلەن ئۇرغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ تۇرغانتىم. ئارقىدىن ئىسسىق قان پۇرىقىدىن پۈتۈن بەدىنىم شۈركىنىپ كەتكەن ئىدى.

-شۇ ئىشلار راستتىن ئېسىڭدىمۇ ياكى كېيىن مەن دەپ بەرگەنمىدى؟

-سىز بىلەن تۇنجى قېتىم بىللە دېڭىزغا چۆشكەندىن بۇيانقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى بەش قولدەك ئېسىمدە.

بوۋاي، ئاپتاپ چېقىپ كەتكەن قەيسەر، مېھرىبان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

- سەن مېنىڭ ئۆز بالام بولغىنىڭدا، سېنى بىللە ئېلىپ يۈرۈپ، ئوبدان چېنىقتۇرۇپ چىققان بولاتتىم، بىراق سەن ئۆز ئاتا-ئاناڭنىڭ بالىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامەتلىك بىر قېيىققا ئىلىناشتىڭ.

- مەن بىرىپ سارتىن بىلىقى ئېلىپ كەلسەم قانداق؟ ھېلىقى تۆت تال بېلىق يېمىنى قەيەردىن ئېلىشنىمۇ بىلمەن.

-بۈگۈن مەندە ئېشىپ قالغانلىرى بار. مەن ئۇنى تۇزلاپ قۇتىغا سېلىپ قويدۇم.

-ئۇنداقتا مەن يېڭىدىن تۆت تال ئېلىپ كېلەي.

-بىر تال،-دېدى بوۋاي.

-ئىككى تال،-دېدى بالا.

-مەيلى،-بوۋاي ماقۇللۇق بىلدۈردى،-ئوغرىلاپ كەلمەيدىغانسەن؟

-ئوغرىلاشقىمۇ تەييارمەن،-دېدى بالا،-بىراق بۇ قېتىمقىنى پۇلغا ئالىمەن.

-رەھمەت ساڭا.

ئۇ تولىمۇ ساددا بالا بولۇپ، ئۆزىنىڭ كەمتەرلىك قىلغانلىقىدىن قىلچە ئەجەبلەنمەيتتى. لېكىن ئۆزىنىڭ كىچىك پېئىل بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بۇنداق كىچىك پېئىللىقنىڭ ھېچقانداق خورلۇق ھېسابلىمايدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ھەققى غۇرۇرنى ساقلاشقا دەخلى يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

-ھە،دېڭىز ئېقىمىدىن قارىغاندا ئەتە چوقۇم ياخشى كۈن بولىدۇ،-دېدى بوۋاي.

- سىز قەيەرگە بارىسىز؟

- يىراقراق باراي دەيمەن. شامال كەينىگە قايتقاندا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قايتىپ كېلىمەن. تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى يۈرۈپ كېتىمەن.

- مەنمۇ ئۇنىڭغا يىراقراق بارايلى دەپ باقايمىكىن،- دېدى بالا،- مۇبادا سىز چوڭ

بېلىقتىن بىرەرنى تۇتۇۋالسڭىز، بىز بېرىپ ياردەملىشەلەيمىز.

- ئۇ، قېيىقنى يىراققا ئاپىرىشنى خالىمايدۇ.

- شۇنداق،-دېدى بالا،- بىراق مەن خۇددى يەم ئىزلىگەن قۇشلاردەك ئۇ كۆرەلمىگەن نەرسىلەرنى كۆرۈۋالالايمەن. يۇنۇس بېلىقلىرىنى، مەن كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇ قوغلايدۇ.

- ئۇنىڭ كۆزى شۇنچە يارىماسمۇ؟

- ئۇنى ئەما دېسەكمۇ بولىدۇ.

- بۇ غەلىتە ئىشقۇ،- دېدى بوۋاي ئويلىنىپ،- راست، ئۇ ئەزەلدىن دېڭىز تاشپاقىسى تۇتمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزى دېڭىز تاشپاقىسىنى تۇتىمەن دەپ ناكا بولغان ئەمەسمۇ.

- سىزمۇ مۇسجىد دىڭىز قولتۇقىدا، دىڭىز تاشپاقىسىنى شۇنچە يىللار تۇتتىڭىز، كۆزىڭىز يەنىلا ئۆتكۈرغۇ؟

مەن بىر غەلىتە ئادەم.

-بىراق، سىزدە هازىر بىرەر تال چوڭ بېلىق تۇتقۇدەك مادار بارمۇ؟

-بولمامدىغان، بېلىق تۇتۇشقا شۇنچە كۆپ ئېپىم تۇرسا.

ئۇلار مەيخانىدىن چىقىپ قېيىق ئۇستىدىكى نەرسىلەرنى يىغشتۇرۇشقا باشلىدى. بوۋاي، ماچتىنى دولىسىغا ئالدى. بالا، ياغاچ ساندۇقنى قۇچاقلاپ كۆتەردى .ساندۇقنىڭ ئىچىدە چىڭ يۆگەپ قويۇلغان قوڭۇر رەڭلىك قارماق تانىسى، قارماق ۋە بېلىق سانچىيدىغان ساپلىق ئارا قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىدى. بېلىق يېمى قاچىلانغان قۇتا، بىر دانە كالتەك بىلەن قېيىقنىڭ

تۇمۇشۇق تەرىپىدە تۇراتتى. بوۋاينىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى باشقىلار ئوغرىلاپ كەتمەيتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن شەبنەمدە ھۆل بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يەلكەن ۋە شۇنچە ئېغىر قارماق تانىلىرىنى يەنىلا ئۆيگە ئېلىپ كەتكەن تۈزۈك ئىدى شۇنداقلا ئۆزەڭگە پۇختا بول، خوشناڭنى ئوغرى تۇتما، دېگەندەك ھەرخىل كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ بولماسلىقى ئۈچۈن، بېلىق سانچىيدىغان ئارا ۋە قارماقلارنىمۇ ئۆيگە ئېلىپ كېتىش لازىملىقىنى بوۋاي ئوبدان بىلەتتى.

ئۇلار نەرسە-كېرەكلىكنى كۆتىرىپ كەپىگە كىرىشتى. بوۋاي، ماچتىغا يۆگەلگەن يەلكەننى تامغا يۆلەپ قويدى. بالا، ساندۇق بىلەن قېيىقنىڭ باشقا سايمانلىرىنى ماچتىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويدى. ماچتا، كەپىنىڭ ئۇزۇنلۇغى بىلەن تەڭ ئىدى. كەپە بولسا ئاپلىسىن دەرىخىنىڭ قاتتىق قوۋزاقلىرى ۋە : دېڭىز قۇشلىرى مايىغىدىنياسالغان

ئىدى. كەپىنىڭ ئىچىدە بىر كارىۋات، بىر دانە تاماق شىرەسى، بىر دانە ئورۇندۇق بار ئىدى.كەپىنىڭ بىر تەرىپىگە ئازراق ياغاچ كۆمۈرى قويۇلغان. ئۇنىڭ يېنىغا ئوچاق ياسالغان ئىدى. قاتتىق تالالىق "دېڭىز قۇشلىرى مايىغى" نىڭ يوپۇرماقلىرى بىر -بىرىگە كىرىشتۈرۈلۈش ئارقىلىق قوپۇرۇلغان قوڭۇررەڭ تامغا، ئىككى دانە خەرىتە ئېسىپ قويۇلغان ئىدى. بۇرۇن ئۇ، خوتۇنىنىڭ رەڭلىك سۈرىتىنى تامغا ئېسىپ قويغان، بىراق كېيىنچە ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ئۆزىنى غېرىپلىق باسقاچقا، سۈرەتنى ئېلىۋەتكەن ئىدى.

-نېمە يىگۈڭىز بار؟-دەپ سورىدى بالا.

-بېلىق ئارلاشتۇرۇلغان بىر قاچا تېرىق ئۇمچى بار، سەنمۇ ئازراق ئىچەمسەن؟

-بولدى، مەن ئۆيگە بېرىپ غىزالىنىمەن، ئوت يېقىپ بېرەيمۇ؟

-ياق، بىردەمدىن كېيىن ئۆزۈم ياقمەن ياكى سوغۇق پېتى ئىچىۋەرسەممۇ بولىۋېرىدۇ.

-مەن بېرىپ تورنى ئېلىپ كەلسەم بولامدۇ؟

-بولمامدىغان.

راستىنى ئېيتقاندا تور يوق ئىدى. ئۇنىڭ تورنى سېتىۋەتكەنلىكىنى بالا بىلەتتى .بىراق ئۇلار ھەر كۈنى مۇشۇنداق بىرەر يېرىم يالغان گەپ توقۇيتتى. بالا يەنە بېلىق ئارىلاشتۇرۇلغان بىر قاچا تېرىق ئۇمىچىنىڭ يوقلۇقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى.

«85»-، ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىدىغان سان،- دېدى بوۋاي،- سەن مېنىڭ مىڭ قاداق ئېغىرلىقتىكى بېلىقنى قاندىاق تۇتقانلىقىمنى كۆرۈشنى خالامسەن؟

-مەن تورنى ئېلىپ سارتىن بېلىقى تۇتۇپ كېلەي. ئاڭغىچە سىز ئىشىك تۈۋىدە ئاپتاپسىنىپ تۇرۇڭ-ھە.

-ماقۇل، مەندە تۆنۆگۈنكى گېزىت بار، لېپچۇر ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى كۆرۈپ تۇراي.

بالا، بوۋاينىڭ تۆنۆگۈنكى دېگىنىنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىراق بوۋاي ھەر ھالدا بىر پارچە گېزىتنى كارۋاتنىڭ ئاستىدىن تارتىپ چىقاردى ۋە:

- بۇ گېزىتنى ماڭا بارىكو، مەيخانىدا بەرگەن،- دەپ ئەسكەرتىپ قويدى.

-مەن سارتىن بېلىقنى تۇتۇپ بولۇپلا قايتىپ كېلىمەن. سىزنىڭ بېلىقلىرىڭىزنى ئۆزۈمنىڭ بېلىقلىرى بىلەن بىرگە مۇز ئارىسىدا ساقلاپ قويسام، ئەتە ئەتىگەندە بۆلۈشسەكمىكىن دەۋاتىمەن. مەن قايتىپ كەلگەندە، لېپچۇر

مۇسابىقىسى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى سۆزلەپ بېرىسىز.

- ئامېرىكا كوماندىسى يېڭىلمەيدۇ.

- بىراق مەن كېلىۋېلاندىنىڭ ئىندىئانلار كوماندىسىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

- يىگىتچاق، ئامېرىكا كوماندىسىغا ئىشەنگىن. ماجىئۇنى ئېسىڭدىن چىقاردىڭمۇ؟

- مەن دېترويت يولۋاس كوماندىسىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، كېلىۋېلاندىنىڭ ئىندىئانلار كوماندىسىنىمۇ ئەنسىرەۋاتىمەن.

- ئېھتىيات قىل، سىنسىنناتى قىزىللار كوماندىسى بىلەن چېكاكو ئاق پايپاقلىقلار كوماندىسىنىمۇ قورقۇپ كەتمە يەنە.

- سىز گېزىتنى كۆرۈپ قايتىپ كەلگەندە سۆزلەپ بېرىڭ.

-سىڭچە، بىز ئاخىرقىسى 85 لىك لاتارىيە بېلەتتىن بىرنى ئالساق قانداق؟ ئەتە 85 كۈن بولىدۇ.

-بولىدۇ،-دېدى بالا،- بىراق سىزنىڭ ھېلىقى چاغدا ئالغان ئاخىرقى 87 لاتارىيە بېلەتىڭىز قانداق بولغانلىقىنى ئۇنتۇمىغانسىز؟

-ئەمدى ئۇنداق پالاكەت باسىدىغان ئىش بولماس. ئاخىرقىسى 85 لىك لاتارىيە بېلەتتىن بىرەرنى تېپىپ كېلەلەرسەنمۇ؟

-بىرەرسىگە يېزىلالايمەن.

-ئۇنىڭ بىر تېلى ئىككى يېرىم دوللار. ئۇ پۇلنى قەيەردىن ئارىيەت ئالىمىز؟

- قىيىنغا چۈشمەيدۇ. مېنىڭچە ئىككى يېرىم دوللارنى ئارىيەت ئالغىلى بولىدۇ.

- مەنمۇ ئارىيەت ئالالايدىغاندەك تۇرىمەن. بىراق مەن ئامال بار پۇل ئارىيەت ئالمايمەن. باشتا ئارىيەت ئالسام، كېيىن تىلەمچىلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

- سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن بوۋا، ھازىر 9-ئاي ئىكەنلىكى ئېسىڭىزدە بولسۇن.

- بۇ ئاي، دەل بېلىقلار ئېقىپ كېلىدىغان چاغ،-دېدى بوۋاي،- ھەر قانداق ئادەم 5-ئايدا بېلىق تۇتىدۇ.

- ئەمسە، مەن سارتىن بېلىقى تۇتقىلى كەتتىم.

- بالا، كۈن پاتقاندا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا، بوۋاي ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان پېتى ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. بالا، كاربۇۋات ئۈستىدىكى كونا ھەربىيچە ئەدىيالنى ئېلىپ، ئورۇندۇقنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئارتىلدۇرۇپ، بوۋاينىڭ ئۇچىسىغا يېپىپ

قويدى. بوۋاينىڭ ئىككى مۆرىسى غەلىتە ئىدى. گەرچە ئۇ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، بەدەنلىرى ناھايىتى مەزمۇت كۆرۈنەتتى. ئۇيقۇلۇقتا بېشى پەسكە ساڭگىلغانلىقتىن، گەدىنىدىكى قورۇقلارمۇ ئانچە كۆرۈنمەيتتى .ئۇستى-ئۇستىلەپ ياماق چۈشكەن كۆينىگى، بەئەينى قېيىقتىكى يەلكەنگە ئوخشاپ قالغان ۋە بۇ ياماقلار ئاپتاپتا كۆيۈپ خىلمۇ خىل رەڭگە كىرگەن ئىدى.ئۇنىڭ بېشىغىمۇ قېرىلىق يەتكەن بولۇپ، كۆزىنى يۇمۇۋالسىلا ئۆلۈكتىن پەرقلەنمەيتتى. گېزىتنى تىزىغا قويۇپ جەينىكى بىلەن بېسىۋالغانلىقتىن، كەچكى شامال ئۇچۇرۇپ كېتەلمىگەن ئىدى. بوۋاينىڭ پۇتى يالىڭاياق ئىدى.

- بالا يەنە سىرتقا چىقىپ بىر ئايلىنىپ كەلدى. بوۋاي بولسا يەنىلا ئۇخلاۋاتاتتى.

- بوۋا كۆزىڭىزنى ئېچىڭ!- دەپ توۋلىدى بالا بوۋاينىڭ تىزىنى قولى بىلەن تۈرتۈپ.

-بوۋاي گويا يىراق سەپەردىن قايتىپ كەلگەندەك ئەسنەپ كۆزىنى ئاچتى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

-نېمە ئېيتقىدىڭ؟-دەپ سورىدى.

-كەچلىك تاماق، قېنى، غىزالىنايلى.

- قورسقىم ئانچە ئاچمىغانتى.

-تاماق يېمىسەك بىلىق تۇتقىلى بولامدۇ؟ كېلىڭ، قورساقنى توقلايلى.

- مەن ئادەتتە تاماق يېمەستىنلا بېلىق تۇتقىلى باراتتىم،- بوۋاي سۆزلىگەچ گېزىتنى قاتلاپ ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن ھەربىرىچە ئەديالنى قاتلاپ قويدى.

- ئەديالنى يىپپىنىۋىلىك،- دېدى بالا كۆيۈمچانلىق بىلەن،- بۇ دۇنيادا مەنىلا بولىدىكەنمەن، سىزنى ھەرگىز ئاچ قورساق بىلىق تۇتقىلى بارغۇزمايمەن.

- ئۆمرۈك ئۇزۇن بولسۇن بالام، ئۆزۈڭنىمۇ كۆپرەك ئاسرا،- دېدى بوۋاي تەسىرلىنىپ،- قېنى نېمە يەيمىز؟

- يېسمۇق ئارىلاشتۇرۇلغان تاماق، مايدا قورۇلغان ئاپلىسىن، يەنە ئازراق دۇملەنگەن سەيمۇ بار.

- بالا ئىككى قەۋەت تۈنكە قۇتىغا سېلىنغان بۇ تائاملارنى دېڭىز ساھىلىدىكى مەيخانىدىن ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئاندىن ئۇ، يانچۇغىدىن پاكىز قەغەزلەرگە ئورالغان ئىككى كىشىلىك ۋىلكا بىلەن قوشۇق ئېلىپ، بىرىنى بوۋايغا ئۇزاتتى.

- بۇلارنى ساڭا كىم بەردى؟

- مارتىن-قېيىق خوجايىنى.

- ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتسام بولغۇدەك.

- مەن رەھمەت ئېيتىپ قويدۇم، سىزنىڭ رەھمەت ئېيتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى.

- كېيىنچە ئۇنىڭغا بىر تال چوڭ بېلىق پۇۋەكچىسى بىرەي،- دېدى بوۋاي،- ئۇنىڭ بىزگە ياردەم قىلىشى بۇ بىر قېتىمقىلا ئەمەسقۇ؟

- شۇنداق.

- ياق، مەن ئۇنىڭغا بېلىق كۆۋەكچىسىدىنمۇ ئوبدانراق بىر نەرسە ئاپىرىپ بېرىمەن. ئۇ بىزگە راستتىن كۆڭۈل بۆلىۋاتىدۇ.

- ئۇ، بىزگە يەنە ئىككى بوتۇلكا پىۋا بەرگەن ئەمەسمۇ؟

- شۇنداق، مەن خۇشاللىقىمدىن بوشىغان بوتۇلكىلارغا كونسېرۋا قاچىلاپ بەرگەن ئىدىم.

- مېنىڭمۇ ئېسىمدە، "خادىۋ" ماركىلىق پىۋا بوتۇلكىسى ئىدى. مەن ئۇلارنى ئاپىرىپ بەرگەن ئىدىم.

- سەن راستتىن يارايسەن،-دېدى بوۋاي، خۇشال بولۇپ،- ئەمدى تاماق يەمدۇق؟

-مەن سىزدىن بالا تاماق يەمدۇق دەپ سورىغان،- دېدى بالا سەممىيلىك بىلەن،- سىز تەييار بولغىچە قۇتىنى ئاچمايمەن.

-تەييار بولدۇم،-دېدى بوۋاي كۆلۈپ تۇرۇپ،-توختا، شاققىدە يۈز-كۆزۈمنى يۇيىۋالاي.

» نەگە بېرىپ يۇيىدىغاندۇ؟- دەپ ئويلىدى بالا،- كەنتتىكى جۈمەك چوڭ يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە، ئىككى كوچىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ،

مەن ئۇنىڭغا سۇ، يۈز سوپۇن، ئوبدانراق لۆڭگە ئېپكېلىپ بېرىشىم كېرەك ئىدى. نېمىشقا بىپەرۋالىق قىلغاندىمەن؟ ئۇنىڭ قىشتىن ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن يەنە مايكا، چاپان، بىر جۈپ ئاياق ۋە بىر دانە ئەدىيال ئېپكېلىپ بېرىشىم  كېرەك».

-دۈملەنگەن  سەينىڭ تەمى خېلى پەيزىغۇ،- دېدى بوۋاي يەۋېتىپ.

- لېيچۇر مۇسابىقىسىنىڭ خەۋرىنى ئېيتىپ بەرمەمسىز؟-دېدى بالا.

- مەن ئېيتقاندەك، ئامېرىكا مۇسابىقە گۇرۇپپىسى تەرەپتە ئامېرىكا كوماندىسى ئۇتۇپتۇ،- دېدى بوۋاي شوخلۇق بىلەن.

- بىراق، ئۇلار بۈگۈن ئۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ،- دېدى بالاتەن بەرمەي.

- ھېچ ۋەقەسى يوق، ماجىئۇ يەنىلا بوي بەرمەيدۇ.

- ئۇلارنىڭ كوماندىسىدا باشقا ئادەملەرمۇ بار تۇرسا.

- ئەلۋەتتە بار، بىراق ماجىئۇنىڭ ئورنى ناھايىتى مۇھىم-دە، يەنە بىر مۇسابىقە گۇرۇپپىسىدا، بورۇكتۇل كوماندىسى بىلەن فىلادېلفىيە كوماندىسى جەزمەن يېڭىدۇ. بىراق شۇ تاپتا راۋشىلى ۋە ئۇنىڭ كونا لېيچۇر مەيداندا كۈچەپ ئۇرغان ھېلقى بىر نەچچە توپى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ.

- ھېچكىممۇ توپنى ئۇنداق ئۇرالمايدۇ. ئۇنىڭدەك توپنى يىراقتىن ئۇرۇشنى مەن تۇنجى قېتىم كۆردۈم.

- ئۇنىڭ دېگىنى ساھىلدىكى مەيخانا تەرەپكە ھەمىشە كېلىپ تۇرىدىغانلىقى

ئېسىڭدىدۇر. مەن ئۇنىڭغا بىرگە بېرىپ بېلىق تۇتۇپ كېلەيلى دەپ باقايمىكىن دەپ ئويلىغانتىم، بىراق خىجىل بولۇپ قالدىم، سېنى سوراپ باق دېسەم سەنمۇ خىجىل بولاتتىڭ.

- بىلىمەن، ئىككىمىز پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدۇق. ئۇنى رەسمىي تەكلىپ قىلغان بولساق، بىرگە بېرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى ۋە بىز بۇ ئىشنى ئۆمۈر بويى ئېسىمىزدىن چىقارمىغان بولاتتۇق.

- مەن، راۋىشسىلىنى بېلىق تۇتۇشقا بىللە ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا كۆپ ئويلىغان،-دېدى بوۋاي ئويچانلىق بىلەن،- ئاڭلىشىمچە، ئىلگىرى ئۇنىڭ دادىسىمۇ بېلىقچى ئىكەن. ئېھتىمال ئۇ چاغلاردا ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش نامرات بولغىيدى، شۇڭا ئۇ ئەلۋەتتە بىزنىڭ ياخشى كۆڭلىمىزنى چۈشىنەتتى، دەپ ئويلايمەن.

- راۋىشىسلىنىڭ دادىسى نامرات ئەمەسكەنتۇق، ئۇنىڭ دادىسى مەندەك چاغلاردا كاتتا بىر لېيچۇر مۇسابىقە گۇرۇپپىسىدا توپ ئوينايدىكەنمىش.

- مەن سەندەك چاغلىرىمدا ئافرىقىغا قاتنايدىغان توغرا يەلكەنلىك پاراخوتتا ماتروس ئىدىم، مەن تېخى گۇگۇمدادېڭىز بويىغا كەلگەن شىرنى كۆرگەن.

- ئېسىمدە، بۇ ھەقتە سىز ماڭا ئېيتىپ بەرگەن.

- بىز ئافرىقا ئۈستىدە سۆزلىشەمدۇق ياكى لېيچۇر ئۈستىدىمۇ؟

- لېيچۇر ئۈستىدە سۆزلىشەيلى، ماكلاۋنىڭ ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭا.

- بۇرۇن ئۇمۇ دېڭىز ساھىلدىكى مەيخانىغا پات-پات كېلىپ تۇراتتى. ھاراق ئىچىۋالسا بەكمۇ قوپاللىشىپ كېتەتتى. ساپلا بىمەنە گەپلەرنى قىلاتتى، مىجەزىمۇ بەك تەرسالىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ئات بىلەن لېپچۇردىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. ئىشقىلىپ، قانداق چاغدا بولمىسۇن، يانچۇغىدا ئاتلارنىڭ تىزىملىگى نەخ تۇراتتى، دائىم دېگۈدەك تېلفونلاردا ئاتلارنىڭ نامى ھەققىدە سۆزلىشەتتى.

- ئۇ چوڭ دېرىكتور ئىكەن،- دېدى بالا،- دادام ئۇنى ئەڭ چوڭ دېرىكتور دەپ قارايتتى.

- چۈنكى ئۇ بۇ يەرگە ئەڭ كۆپ كېلەتتى-دە،-دېدى بوۋاي كۆلۈپ تۇرۇپ،- ئەگەر رولۇچمۇ بۇ يەرگە كەينى-كەينىدىن كېلىپ تۇرىدىغان بولسا، داداڭ ئۇنى ئەڭ چوڭ دېرىكتور دەپ قارىغان بولاتتى.

- دۇرۇس، ئەڭ چوڭ دېرىكتور كىم؟ روك، مەككا، گانچىروس.

-مەن ئويلايمەن، ئۇلار يۇقىرى-تۆۋەننى ئايرىيالمايدۇ.

- بىراق، بېلىق تۇتۇشقا كەلگەندە، سىز ئەڭ ياخشى ھېسابلىنىسىز.

- ئۇنداق ئەمەس، مەندىن ياخشىلار كۆپ.

- نېمە؟-دېدى بالا قىزىشىپ،- توغرا، بېلىق تۇتۇشنى بىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ، ماھىر بېلىقچىلارمۇ ئاز ئەمەس، بىراق ئەڭ ياخشىسى پەقەت سىز بىرلا.

- ساڭا كۆپ رەھمەت. سۆزۈڭدىن بەك خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىمەن. بىراق ئۇچرىغان بېلىقلاردا بىز تەڭ كېلەلمىگۈدەك چوڭ بولمىسىلا بولاتتىغۇ.

- ئۇنداق بىلىق بولمايدۇ، سىزنىڭ مادارىڭىز ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك ئاشۇنداق كۈچلۈك تۇرسا.

- مېنىڭ جىسمىم، ئۆزۈم تەسەۋۋۇر قىلغاندەك قاۋۇل بولماسلىقى مۇمكىن،-دېدى بوۋاي،- بىراق خېلى ئېپىم بار، شۇنداقلا ئىرادەم كۈچلۈك.

- ھازىر كارىۋاتتا يېتىپ ئۇخلاڭ، ئەتە ئورنىڭىزدىن روھلۇق تۇرسىز، مەن ماۋۇ نەرسىلەرنى دېڭىز ساھىلىدىكى مەيخانىغا ئاپىرىپ بېرەي.

- كەچلىكىڭ خەيرلىك بولسۇن، ئەتە ئەتىگەن سىنى ئۆزۈم ئويغىتىمەن.

- سىز ھەقىقەتەن مېنىڭ قوڭغۇرىقىم-دە، -دېدى بالا خۇشال بولۇپ.

مېنىڭ قوڭغۇرىقىم ياش،- دېدى بوۋاي،- نېمىشقا ياشنىپ قالغان ئادەملەر شۇنچە سەھەر تۇرىدۇ؟ ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن-دە.

-ئۇنىسى ماڭا نامەلۇم، مەن باللارنىڭ ئۇيقۇغا ئامراقلىقىنى، ئۇخلاپ قالسا ئاسان ئويغىنالمايدىغانلىقىنى بىلمەن.

- مەن ئۇخلاپ قالمايمەن. ۋاقتى كەلگەندە مەن بېرىپ سېنى ئويغاتساملا بولىدىغۇ.

- مەن ئۇنىڭ كېلىپ مېنى ئويغىتىشىنى خالىمايمەن، ئۇنداقتا ئۇ مەندىن ئۈستۈن تۇرغاندەك بولۇپ قالىدىكەن.

- ئۇنىسى ماڭا مەلۇملۇق.

- ئوبدان ئۇخلاڭ، بوۋا.

ئۇلار چىراق ياقمايلا غىزالانغان ئىدى، بالا كەتكەندىن كېيىن بوۋاي شىمنى سېلىپ،

سىلاشتۇرۇپ تۇرۇپ كارىۋاتتا چىقتى ۋە شىمىنى قاتلاپ ياستۇق قىلىپ، ھېلىقى گېزىتنى شىمىنىڭ ئارىسىغا قىستۇردى، ئاندىن ھەربىيچە ئەدىيالغا يۆگىنىپ، ئەبجىغى چىقىپ كەتكەن پۇرژىنىلىق كارىۋاتتا سېلىنغان كونا گېزىت ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى.

بوۋاي، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇيقۇغا كەتتى ۋە چۈشىدە باللىق دەۋرىدە بارغان ئافرىقىنى، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئاپپاق دېڭىز ساھىلىنى، كۆككە تاقاشقان بېغىر رەڭ تاغلارنى كۆردى. چۈشىدە ئۇ يەنە ھەر ئاخشىمى دېڭىز بويىدا يېتىپ، گۈركىرىگەن دېڭىز دولقۇنىنى ئاڭلىدى، دولقۇن ئىچىدە ئۇياق-بۇياققا ئۆتۈشۈپ يۈرگەن يەرلىك قېيىقلارنى كۆردى. پاراخوتلارنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى قارا مايىنىڭ ھىدى، يەر بېغىرلاپ چىقىۋاتقان سەھەر شامىلى ئېلىپ كەلگەن ياۋروپانىڭ ھىدىنى پۇرىدى.

ئەلۋەتتە، ئۇ يەر بېغىرلاپ چىققان شامال بۇرنىغا ئۇرۇلۇش بىلەنلا ئويغىنىپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىپ بولۇپلا بالىنى ئويغىتىشقا ماڭاتتى. بىراق بۆگۈن شامال بەك بۇرۇن كەلگەچكە، ئۇ چالا ئۇيقۇلۇقتا ئويغىنىش ۋاقتىنىڭ تېخى كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ، چۈشىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى ۋە چۈشىدە دېڭىزدىكى چوخچىيىپ چىقىپ تۇرغان ئاراللارنىڭ ئاپپاق چوققىسىنى، كانارى تاقىم ئاراللىرىدىكى ھەر بىر پورتنى ۋە لەڭگەر تاشلايدىغان جاينى كۆردى . لېكىن ئۇ چۈشىدە بۇرۇنقىدەك شامال دولقۇنلىرىنى، خوتۇن -قىزلارنى كۆرمىدى .بېلىق بىلەن ئېلىشىش، كۈچ سىنىشىشلارنى كۆرمىدى، خوتۇنىنىمۇ كۆرمىدى، پەقەت بەزى يەرلەر ۋە دېڭىز ساھىلىدىكى شىرلارنىلا كۆردى. ئۇ شىرلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئاسلانلاردەك ئوينىشاتتى. بوۋاي ئۇلارنى ھېلىقى بالىنى ياخشى كۆرگەندەكلا

ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ئەزەلدىن چۈشىدە ھېلىقى بالىنى كۆرمىگەن ئىدى. بوۋاي بىردىنلا ئويغىنىپ، ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنىڭ سىرتىدىن ئاينى كۆردى ۋە ياستۇق قىلغان شىمنى ئېلىپ كىيدى-دە، كەپسىدىن چىقىپ، بالىنى ئويغىتىش ئۈچۈن چوڭ يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئۇ،سەھەرنىڭ سوغۇقىدىن ئەندىكىپ تىترەيتتى، شۇنداقلا، تىترىگەندە بەدەننىڭ ئازراق ئىسسىيدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىردەملا كېيىنلا قېيىقنى ھەيدەپ دېڭىزغا چۈشۈشى كېرەك ئىدى.

بالا ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكى تاقالمىغاچقا، بوۋاي ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئاۋۋايلاپ دەسسەپ ئۆيگە كىردى، بالا تاشقىرىقى ئۆيدىكى بېرزىنت كارۋاتتا ئۇخلاۋاتاتتى، بوۋاي، تالادىن كىرگەن ئاينىڭ سۇس نۇرىدا بالىنى ئېنىق كۆردى ۋە ئۇنىڭ بىر پۇتىنى يېنىككىنە لىڭشىتتى. بالا، ئويغىنىپ بوۋايغا قارىدى، بوۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. بالا

كارۋاتنىڭ قېشىدىكى ئورۇندۇقتىن شىمنى ئېلىپ، كارۋاتتا ئولتۇرۇپ كىيدى.

بوۋاي سىرتقا ماڭدى، بالىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. بوۋاي كېتىۋېتىپ بالىنىڭ دولىسىغا گىرە سېلىپ تۇرۇپ:

- راستىنلا خىجىل بولۇۋاتىمەن،-دېدى.

- نېمىشقا؟- دېدى بالا ئەجەبلىنىپ،-ئېغۇل بالا دېگەن مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك-تە.

ئۇلار بىرلىكتە بوۋاينىڭ كەپىسىگە قاراپ ماڭدى، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ئىدى، بەزى كىشىلەر، يالىڭاياق يېتىپ ماچىتلىرىنى تۇرۇپ كېتىشىپ باراتتى.

ئۇلار كەپىگە كەلگەندىن كېيىن، بالا توپ-توپ يۆگەپ قويۇلغان قارماق تانىسىنى سېۋەتكە سالدى، بېلىق سانچىيدىغان ئارا ۋە قارماقلارنى

ئالدى .بوۋاي بولسا ماچتىغا يۈگەلگەن يەلكەننى مۆرسىگە ئالدى.

- قەھۋە ئىچكۈڭىز بارمۇ؟- دەپ سورىدى بالا.

- ئاۋۋال نەرسە-كېرەكلەرنى قېيىققا ئاپىرىۋېتەيلى، ئاندىن ئازراق ئىچسەكمۇ مەيلى.

ئىككىيلەن، ئەتىگەنلىك بازاردا سۈت كونسېرۋاسىنىڭ قۇتىسىدا قەھۋە ئىچىشتى.

- بوۋا، ئوبدان ئۇخلىيالىدىڭىزمۇ ؟- دەپ سورىدى بالا. ئۇ يول بويى ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇش بىلەن ھەپىلىشىپ، ئەمدى خېلى سەگەكلىشىپ قالغان ئىدى.

- ئوبدان ئۇخلىدىم، بالام مانولىن، بۈگۈن خېلى ئىشەنچىم كامىل تۇرىدۇ.

-   مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن، مەن ھازىر بېرىپ سىزنىڭ سارتىن بېلىقىڭىزنى ئېلىپ كېلەي، بېلىق يەملىرىمۇ شۇ يەردە. بىزنىڭ ھېلىقى قېيىقتىكى نەرسىلەرنى ئۇ ئۆزى ئېلىپ كەلسۇن، ئۇ ئۆلسىمۇ چاتىغىم يوق، كىم ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى ئەكېلىشىپ بېرىدىكەن.

-   بىز ئۇنىڭغا ئوخشىمايمىز،- دېدى بوۋاي،-مەن، بەش يېشىڭدىلا ساڭا نەرسە-كېرەكلەرنى كۆتەرگۈزەتتىم.

-   ئۇ ماڭا چۈشىنىشلىك،- دېدى بالا،- ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن، قەھۋەدىن يەنە بىر ئىستاكان ئىچەمسىز؟ بىزنىڭ بۇ يەردە ئېلىشىمىز بار.

ئۇ، يالىڭاياغ ھالدا مارجان تاشلارنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ، بېلىق يەملىرى قويۇلغان توڭلىتىش ئۆيى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

بوۋاي، قەھۋەنى ئالدىرىماي ئىچتى. بۇ ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ئوزۇقى بولۇپ، قالدۇرماي ئىچىۋېتىشى كېرەك ئىدى. ئۇ سەپەرگە چىققاندا، ئەزەلدىن يەيدىغان نەرسە-كېرەك ئېلىۋالمايتتى، ئەمما قېيىقىنىڭ باش تەرىپىگە بىر بوتۇلكا سۇ قويۇپ قوياتتى، بۇ سۇ، ئۇنىڭ كۈن بويى ھاجىتى چۈشىدىغان بىردىن بىر نەرسىسى ئىدى.

بالا ھايال بولماي گېزىتكە ئورالغان سارتىن بېلىقى بىلەن ئىككى دانە بېلىق يېمىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى، ئىككىيلەن شېغىللىق چىغىر يول بىلەن قېيىقىنىڭ يېنىغا بېرىپ، قېيىقنى باغلاپ قويغان تانىنى يەشتى. بوۋاي، قېيىقنى ئاستا ھەيدەپ دېڭىزغا چۈشتى.

- سىزگە ئامەت تىلەيمەن، بوۋا.

- ساڭىمۇ ئامەت كەلگەي،- دېدى بوۋاي ۋە ئېگىلىپ پالاقنى ئۇردى-دە، قاراڭغۇ پورتتىن

چىقىپ كەتتى، باشتا دېڭىز ساھىللىرىدىنمۇ بەزى قېيىقلار سۇغا چۈشتى. شۇ تاپتا ئاي تاغ ئارقىسىغا چۆككەن ئىدى، بۇۋاي گەرچە باشقا قېيىقلارنى كۆرەلمىسىمۇ، لېكىن پالاقنىڭ سۇدا چولتۇڭلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇراتتى.

نەدىندۇ قېيىق ھەيدەۋاتقان بىر كىشىنىڭ ئاللىنېمىلەرنى دېگىنى ئاڭلاندى .شۇ تاپتا پالاقنىڭ ئاۋازىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەتراپ جىمجىت ئىدى .بېلىقچىلار پورتتىن چىققاندىن كېيىن، تەرەپ-تەرەپكە تارقىلىپ، ھەر كىم ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن مەنزىلگە قاراپ ئۈزمەكتە ئىدى، بۇۋاي، تۈزلەڭلىكنىڭ ھاۋاسىنى ئارقىسىغا تاشلاپ، دېڭىزنىڭ سۈبھى مەزگىلىدىكى ساپ ھاۋاسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ، قېيىقنى ھەيدەپ مەلۇم جايغا بارغاندا، قولتۇقتىكى ياۋا ئوتلاردىن چاقنىغان فوسفور نۇرىنى كۆردى. بېلىقچىلار، ئۇ جاينى "چوڭ قۇدۇق "دېيىشەتتى، چۈنكى ئۇ

يەردە تۇيۇقسىز تىكىۋەنلەپ كەتكەن 700 فاتخوم چوڭقۇرلۇقتىكى بىر گىرداپ بار ئىدى. دېڭىز ئېقىمىنىڭ، دېڭىز تەكتىدىكى تىك قىياغا ئۇرۇلۇشى بىلەن، بۇ يەردە بىر قايىنام ھاسىل بولغاچقا، خىلمۇ-خىل بېلىقلار ئۇ يەرگە توپلىنىپ قالاتتى. تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان بۇ قايىنامغا قىسقۇچ پاقا، تىرنا قاتارلىقلار توپلىشىۋالاتتى، بەزىدە تېخى توپ-توپ سىيا بېلىقلارمۇ كېلىپ قالاتتى.

بوۋاي، تاڭ سۆزلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇ پالاق ئۇرۇۋېتىپ، ئۇچار بېلىقلارنىڭ ئۇنىڭ دېڭىزدىكى ئۆلپىتى ئىدى. ئۇ، قۇشلارغا ئىچ ئاغرىتاتتى، بولۇپمۇ، شامالغا تەڭ كېلەلمەيدىغان قارا رەڭلىك چايكىلارغا ئىچ ئاغرىتاتتى. چۈنكى، ئۇلار ئەبدىل-ئەبەت ئۇچسىمۇ، ئەبدىل-ئەبەت ھەر تەرەپكە سەپسالسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى زادىلا ھېچنەرسىگە ئىگە بولالمايتتى.

بـوۋاي : قۇشـلارنىڭ ھـال-كـۆنى بىزدىنمـۇ خاراپكەن، قارچۇغا، بۈركۈتكە ئوخشاش قۇشلار ۋە بەزى كۆچلۈك قۇشلارنىڭلا كۆنى يامان ئەمەسكەن. دىڭىـز نىمشكە بەزىـدە بۇنـداق رەھىمسـىز بولـۇپ كىتىدىغاندۇ؟ چايكىغا ئوخشاش قۇشلار نىمشقا ئۇنداق ئاجىز، ئاۋارە تۇغۇلۇپ قالغان بـولغىيتتى؟ دىڭىــز مىھرىبــان، ئىنتــايىن گــۈزەل. بىــراق، ئــۇ بەزىــدە ئاشـۇنداق رەھىمســز بولـۇپ كىتىـدىكەن. بەزىــدە تۇيۇقسـىز تەھـدىت سـالىدىكەن، دىڭىـزدا پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن ئاشۇ قۇشلار بىر تامچە سۇغا تەشـــنا بولـــۇپ، مۇڭلـــۇق ۋە ئېچىنىشـــلىق سايرايدىكەن. ئۇلار نىمشقمۇ دىڭىز سۈيىگە تەڭ كىلەلمەيدىغان مۇشـۇنداق ئـاجىز تۆرىلىـپ قالغـان بولغىيتتى؟ دەپ ئويلىدى.

ئۇ، ئەزەلدىن دىڭىزنى لامار دەپ ئاتايتتى. بـــۇ ئاتـــالغۇ، كىشـــلەرنىڭ دىڭىزغـــا بولغـــان مـۇھەببىتىنى ئىپادىلەشـتە قـوللىنىلاتتى. دىڭىزنـى

ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرمۇ بەزىدە دېڭىزغا قارىتا نارازىلىق سۆزلىرىنى ئېيتاتتى، بىراق ئۇلار نېمىلا دېمىسۇن، دېڭىزنى هامان ئايال جىنسىغا ئوخشىتاتتى. ئەمما بەزى ياش بېلىقچىلار لەيلىمە بەلگىنى، قارماق ئارغامچىسىنى تىرەپ تۇرىدىغان لەيلىگۈچ قىلغانلىقىنى هەمدە لەھەڭنىڭ بېغىرىنى ناهايىتى كۆپ پۇلغا سېتىش هېسابىغا موتۇرلۇق كېمە سېتىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار، دېڭىزنى رىقابەتچى، هەتتا رەقىپ دەپ قارىشاتتى. هالبۇكى، بوۋاي بولسا، دېڭىزنى هامان ئەركىلەپمۇ قويىدىغان، جىددىيلىشىپمۇ كېتىدىغان بىر ئايال دەپ قارايتتى .دېڭىز قوپاللىق قىلسا ياكى ئەدەپ كەتسە، ئۆزىنى تۇتالمىغانلىقتىن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

شۇ تاپتا، ئۇ قېيىقنى ئۇنچە بەك كۈچەستىن بىر خىل سۈرئەتتە سالماق هەيدەپ كېلىۋاتاتتى. ئاندا-ساندا قاينام هاسىل بولغىنىنى

ھېسابقا ئالمىغاندا، دېڭىز يۈزى تىپ-تىنچ ئىدى. ئۇ، دېڭىزدىن ئۆزىگە ئاز-تولا ياردەملىشىشنى ئۈمىد قىلاتتى. سۈبھى مەزگىلىدە، بوۋاي يېتىپ بېرىشنى مۆلچەرلىگەن جايىدىن خېلىلا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ: گىرداپ ئۈستىدە بىر ھەپتە ھەپىلىشىپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدىم، بۈگۈن پىلامىس ۋە تونگگۇل بېلىقلىرىنىڭ قەيەردەلىگىنى جەزمەن تاپىمەن، بىرەر تال چوڭ بېلىق ئۇلارغا ئەگىشىپ يۈرگەن بولسا، ئەجەپ ئەمەس دەپ ئويلىدى.

تاڭ تېخى يورۇماستىنلا، ئۇ ئېلىپ كەلگەن يەملىرىنى بېلىقلارغا تاشلىدى .يەنى بىرىنچى يەمنى 40 فاتخوم چوڭقۇرلۇقتا، ئىككىنچى يەمنى 75 فاتخوم چوڭقۇرلۇقتا، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى يەملەرنى 100 فاتخوم ۋە 125 فاتخوم چڭقۇرلۇقتا بېلىقلارغا تاشلاپ بېرىپ، قېيىقنى سۇنىڭ مەيلىگە قويۇپ ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى.

بىلىق يېمى-بېشنى ئاستىغا قىلىپ ئېسىپ قويغـان كىچىـك بىلىـق بولـۇپ، ھەر بـىر كىچىـك بىلىقنىـڭ قورسـىقىغا قارماقنىـڭ سـىيپى مەھـكەم تېڭىلغـان ئىدى. قارماقنىـڭ مـۇنەك قىسـىملىرى، ئىلمىگـى ۋە ئۇچىنى يېڭى سارتىن بىلىغى قـاپلاپ تـۇراتتى. ھەر بىر تـال سـارتىن بىلىقـى قـاپلاپ تـۇراتتى. ھەر بىـر تـال سـارتىن بىلىقـى قارماققـا پەم بىـلەن ئىلىنغـان ئىـدى. شـۇڭا چـوڭ بـىلىقلار قارماقنىـڭ قەيـىرىگە تەگمىسـۇن، بىـر خىـل لەززەت ھـېس قىلمـاي تۇرالمايتتى.

بـوۋاي، بـالا بەرگەن ئىككـى تـال يېڭـى توڭگـۇل بىلىقنـى، ئەڭ چىڭقـۇر يەرگە سـالىدىغان قارماق تانىسىغا خۇددى لېنتىغا ئوخشىتىپ ئېسىپ قويغان ئىدى .باشقا قارماق تانىلىرىغا بولسا، چوڭ جـابىنكوس بىلىقـى بىـلەن كىچىـك موكـا بىلىقـى ئېسىلغان ئىدى. بۇ ئىككى تال بىلىق يېمـى ياخشـى ساقلىنىۋاتقانلىقى، ئۇنىـڭ ئۇسـتىگە يېڭـى سـارتىن

بىلقى ئۇلارغا مەزىلىك پۇراق قوشۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، چوڭ بىلىقلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايتى. يوشۇرۇن يېشىل بادىرىغا باغلانغان ھەر بىر قارماق تانىسى، يوغانراق قىرىنداشچىلىك تومۇلۇقتا بولۇپ، چوڭ بىلىقلار بىلىق يېمىنى تارتسا ياكى ئۇنىڭغا تېگىپ كەتسە، بادرا سۇغا چۆكۈپ كېتەتتى. ھەر بىر قارماق تانىسى 40 فاتخولۇملۇقتىن ئىككى يۆگەم ئىدى .نۆۋەتتى كەلگەندە ئۇنى يەنە باشقا بىرەر تال بىلىق 300 فاتخوم ئۇزۇنلۇقتىچە سۆرەپ بارالايتتى.

بوۋاي قېيىقنىڭ يېنىدىكى ئۈچ تال بادىرىنىڭ سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا سەپسىلىپ تۇردى ۋە قېيىقنى ئاۋايلاپ ھەيدەپ قارماق تانىسىنى مۇۋاپىق چوڭقۇرلۇقتىچە ئۇزارتقاندىن كېيىن تىكلەشتۈردى. ئەتراپ تولۇق يورۇدى، كۈنمۇ چىقاي دەپ قالدى.

قىزغۇچ قۇياش دېڭىز ئۈستىدىن كۆتىرىلدى، باشقا قېيىقلار سۇغا خېلى چۆككەن هالدا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، قىرغاققا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي قۇياش، بارا-بارا نۇرلىنىپ، سۇ يۈزىدە چاقناشقا باشلىدى ۋە يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى شۇنچە قىزىرىپ باردى. بوۋاي، كۆزىنى دېڭىزدىن ئۈزۈپ، قاراڭغۇ سۇ ئىچىدە بارغانسېرى تىكلىشىپ كېتىۋاتقان قارماق تانىسىغا سەپسالدى. ئۇ، قارماق تانىسىنى باشقا ھەر قانداق بېلىقچىلاردىنمۇ بەكرەك تىكلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى .چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە، سۇنىڭ ھەر بىر قاتلىمىدا بىردىن بېلىق يېمى بولغاندا، بېلىقلار دەل ئۇ مۆلچەرلىگەن جايغا ئۈزۈپ كەلگەن ھامان، يەمنى يېمەي قالمايتتى. باشقىلار قارماق تانىسىندېڭىز ئېقىمىنىڭ مەيلىگە قويۇۋەتكەنلىكتىن، قارماق تانىلىرى پەقەت 16 فاتخوم چوڭقۇرلۇقتا چۆكەلەيتتى، بىراق ئۇلار

قارماق تانلىرىنى 100فاتخوم چوڭقۇرلۇقتا چۆكتى دەپ ھېسابلىشاتتى.

بوۋاي: مەن قارماق تانىسىنى يۈزدە توقسەن پىرسەنت ئىشەنچلىك جايغا سالدىم. بىراق يەنىلا ماڭا ئامەت كەلمەيۋاتىدۇ، كىم بىلىدۇ، بۈگۈن بەلكىم ئامەت كېلەر؟ بۈگۈن بىر كۈن قاراپ باقاي، ئامەت كېلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس .لېكىن قانداقلا بولمىسۇن ھەممىنى كەم-كۈتسىز ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. ئامەت كەلگەندە تەييارلىق بولۇش كېرەك-دە، دەپ ئويلىدى.

يەنە ئىككى سائەت ئۆتتى، قۇياش تېخىمۇ ئۆرلىدى، ئۇ، كۈن چىقىش تەرەپكە قارىۋىدى، كۆزى ئاۋۋالقىدەك چاقنىمىدى. شۇ تاپتا ئۇ دېڭىز يۈزىگە سەپسېلىپ، ئۈچلا قېيىقنى كۆرەلىدى، بۇ قېيىقلارمۇ سۇغا خېلى چۆككەن ھالدا قىرغاقتا يېقىنلىشاي دەپ قالغان ئىدى.

يېڭى كۆتىرىلگەن قۇياش نۇرى، ئۆمرۈم بويى كۆزۈمنى چاقنىتىپ كەلدى. شۇنداقتىمۇ كۆزۈم ساپ-ساق تۇرۇپتۇ. كەچقۇرۇن كۈنگە تىكىلىپ قارىۋالسام كۆزۈم تورلاشمايدۇ. كۈن نۇرى كەچتە تازا جانلىنىپ كېتىدىكەن، بىراق ئەتىگەندە ئادەمنى ئازابلايدىكەن، دەپ ئويلىدى ئۇ.

شۇ ئەسنادا، ئۇزۇن قارا قانىتىنى پالاقلىتىپ ئاسماندا ئايلىنىپ يۈرگەن بىر سا، دەم تۆۋەنگە پەسلەپ، دەم يۇقىرى ئۆرلەپ، ئەگىشىشكە باشلىدى.

« ئۇ بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدى بولغاي،- دېدى بوۋاي ئۈنلۈك ئاۋازدا،- شۇنى تۇتۇشنىڭ قەستىگە چۈشۈپتۇ-دە».

ئۇ قېيىقنى سا ئايلىنىپ يۈرگەن تەرەپكە قاراپ ئاستا ھەيدەپ باردى. ئاندىن قارماق تانىسىنى ئۇياق-بۇياققا تولغاپ يۈرۈپ، تازا تىك

هالەتكە كەلتۈردى ۋە ئېڭشسپ سۇ يۈزنگە يېقنلاشتى. بۇنداق بېلقنى ئەپلەپ تۇتقلى بولاتتى. شۇ تاپتا ئۇنڭ هەركتى هەر قاچاندىقدىنمۇ تېزلشپ كەتكەن ئىدى.

سا بارغانسېرى يۇقرى ئۆرلەپ، سامادا ئايلنىپ يۈرەتتى، بىراق قانتىنى مىدىرلىتپمۇ قويمايتتى، شۇ ئەسنادا، ئۇ توساتتىن پەسكە شۇڭغۇدى ۋە ئۇنڭ بىلەن تەڭلا، بىر دانە ئۇچار بېلقمۇ سۇدىن ئېتلىپ چىقىپ، سۇ يۈزىنى بويلاپ ئوقتەك ئۇچۇپ كەتتى.

» يۇنۇس بېلقى، هەي يۇنۇس بېلقكەن! »-دەپ ۋارقىرىۋەتتى بوۋاي.

ئۇ، پالاقنى قويۇپ، قېيىقنىڭ باش تەرىپىدىن بىر تال توم سم ۋە ئوتتۇراهال قارماق ئورنىتلغان تانىنى ئېلىپ، بىر تال سارتىن بېلقنى قارماققا ئۆتكۈزدى-دە، قارماقنى قېيىقنىڭ يېنىدىن

سۇغا تاشلاپ، يەنە بىر ئۇچنى قېيىقنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىكى بۇرما مىخلىق چەمبىرەككە چىگىپ قويىدى. ئاندىن يەنە بىر تال قارماقتا يەم ئۆيكۆزۈپ، ئۇنى قېيىقنىڭ باش تەرىپىدىكى پىنھان جايغا يۆگەپ قويىدى. ئارقىدىن قېيىقنى ھەيدىگەچ، ھېلقى ئۇزۇن قاناتلىق قارا يىرتقۇچ قۇشنىڭ سۇ يۈزىدە ئۇياق-بۇياقتا ئۇچۇپ يۈرگىنىگە سەپسېلىشقا باشلىدى.

ئۇ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ساغا تىكىلىپ تۇرغاندا، سا يەنە ئۇشتۇمتۇت تۆۋەنلەپ، ئۇچار بېلىقنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى. بىراق ئۇنىڭ ۋەھشىلەرچە ئېتىلىپ بېرىپ ئۇچار بېلىقنىڭ قانىتىغا ئېسىلىشى، قۇرۇق ئاۋارىچىلىقلا بولدى. بوۋاي چوڭ يۇنۇس بېلىقلىرى قاچقان بېلىقلارنى قوغلىغان چاغدا، دېڭىز سۈيىنىڭ يېنىك چايقالغانلىقىنى بىلەتتى. يۇنۇس بېلىقلىرى ئۇچقاندەك قېچىپ كېتىۋاتقان بېلىقلارنىڭ ئاستى

تەرىپكە كىرىۋېلىپ، سۇنى چالغىتىپ، بېلىقلار تۆۋەنلەي دېگەندە شارتتىدە سۇ ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى.

بۇ يەردە بىر توپ يۇنۇس بېلىقى بار ئىكەن، -دەپ ئويلىدى بوۋاي، - ئۇلار مۇشۇ ئەتراپتا ئۈزۈپ يۈرۈۋاتقان بولسا كېرەك، ئۇچار بېلىق ئوڭايلىقچە قېچىپ كېتەلمەيدۇ. سامۇ ئۇلاردىن نەپ ئالالمايدۇ. ئۇچار بېلىقنىڭ تۇرقىدىن قارىغاندا، ساغا تۇتۇق بەرمىگۈدەك، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا شۇنچە تېز ئۇچىدىغاندۇ.

ئۇ كەينى-كەينىدىن سۇدىن شۇڭغۇپ چىقىۋاتقان ئۇچار بېلىقلارغا ۋە ھېلىقى سانىڭ بىھۇدە ئاۋارە بولۇۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇردى.

بۇ بىر توپ بېلىق ئۇچقاندەك ئۈزۈپ، يىراقلارغا قېچىپ كېتىشتى. ماڭا ئادىشىپ توپتىن ئايرىلىپ قالغان بېلىقلار ئۇچراپ قالسا ئەجەپ

ئەمەس، ئېھتىمال، ماڭا تەۋە چوڭ بېلىق ئايلىنىپ يۈرگەن بولسا كېرەك. مېنىڭ چوڭ بېلىقىم چوقۇم مۇشۇ ئەتراپتا بار دەپ ئويلىدى ئۇ.

زېمىن ئۈستىدىكى بۇلۇتلار ئەمدى گويا كۆككە تاقالغان تاغ تىزمىلىرىدەك ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. دېڭىز قىزغىقىدا ھاۋا رەڭ كىچىك تاغلارنى ئارقا تىرەك قىلغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان يېشىل بەلباغلار قالدى. شۇ تاپتا، دېڭىز سۈيى كۆك رەڭگە كىرگەن بولۇپ، بىر قاراشتا بىنەپشە رەڭگە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقاندەكمۇ كۆرۈنەتتى. ئۇ، ئېڭىشىپ سۇغا قاراپ، تۇق كۆك رەڭدىكى دېڭىز سۈيى ئىچىدە، ئويناقشىپ يۈرگەن قىزغۇچ جانلىقلارنى، قۇياش نۇرىدىن ھاسىل بولغان ئاجايىپ نۇرلارنى كۆردى ۋە دىققىتىنى يىغىپ قارماق تانىسىغا قارىۋىدى، تانىنىڭ كۆز يەتمەيدىغان چوڭقۇرلۇقتا ئىلىپتەك تارتىلىپ تۇرغانلىقىنى، ئەتراپىدا شۇنچە كۆپ كىچىك

جانلىقلارنىڭ ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ تازىمۇ خۇشال بولدى. چۈنكى، بۇ ھال ئۇ يەردە ناھايىتى كۆپ بېلىق بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ چاغدا قۇياش تىكلەشكەن ئىدى، قۇياشنىڭ سۇدا ئەكس ئەتكەن ئۆيكۈر نۇرى، ھاۋانىڭ ئوچۇق بىپلۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. ئاسماندىكى بۇلۇتلارنىڭ ھالىتىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپات بولالايتتى، ئەمدى ھېلىقى سا نەلەرگىدۇر كەتكەن ئىدى. سۇ يۈزىدە بولسا، شۇيمۇ نىڭ قېيىققا يېقىن جايدا لەيلەپ يۈرگەن بىنەپشە رەڭلىك نەپەس خالتىسىدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى.

نەپەس خالتىسى، تۇرۇپ بىر ياققا قىيسايغاندەك قىلىپ، بىردەمدىن كېيىن يەنە ئۆز ھالىتىگە قايتتى. سۇدا بەئەينى كۆپۈكچىدەك ئەركىن لەيلەپ يۈرگەن بۇ جانىۋارنىڭ، ئۆسكىلەڭ سۆسۈن بۇرۇتى سۇ ئىچىدە بىر مېتىرچە سۇ ئىچىدە يىراققا سوزۇلغان ئىدى.

« سەن پاسكىنا...دېڭىز سۈيىنى تازىمۇ بۇلغىۋەتتىڭ! » دېدى بۋاينىڭ ئاچچىقى كېلىپ.

ئۇ، پالاقنى يېنىك ئۇرۇۋاتقان جايدىن سۇ ئىچىگە قاراپ، نەپەس خالتىسىدىن ھاسىل بولغان كۆلەڭگىنىڭ ئاستىدا ئۈزۈپ يۈرگەن كىچىك بېلىقلارنى كۆردى .ئۇلارنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ خۇددى ھېلقى ئۈزۈن بۇرۇتلارغا ئوخشاپ قالغان ئىدى .نەپەس خالتىسىدىكى زەھەر، كىچىك بېلىقلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمەيتتى .بىراق ئادەملەر ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ-دە. بىر نەچچە تال بۇرۇت، قارماق تانىسىغا ئىلىنىشىپ قالغۇدەك بولسا، تانىغا مەھكەم چىرمىشىۋالاتتى-دە، بوۋاينىڭ بىلەك ۋە قوللىرى خۇددى زەھەرلەنگەن پىلەك ۋە كاۋچۇك دەرىخىنىڭ يۇقۇملانغان جايلىرىغا ئوخشاش يارا بولۇپ قالاتتى ۋە ئېچىشىپ قامچا بىلەن ئۇرغاندەك قاتتىق ئاغرىيتتى.

رەڭدار پەردە تۈسىنى ئالغان كۆپۈكچە، تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. بىراق ئۇ، ئىچى كاۋاك، قۇرۇق بىر نەرسە ئىدى. بوۋاي، چوڭ دېڭىز تاشپاقىلىرىنىڭ ئاشۇ كۆپۈكچىلەرنى يەۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلىشقا ئامراق ئىدى. دېڭىز تاشپاقىلىرى، كۆپۈكچىلەرنى كۆرگەن ھامان، ئۇلارغا ئۇدۇل تەرەپتىن يېقىنلىشىپ بېرىپ، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، تېنىنى قېپى ئىچىگە يوشۇرۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنى بۇرۇتى بىلەن قوشۇپ بىراقلا يەۋېتەتتى. بوۋاي، دېڭىز تاشپاقىلىرىنىڭ كۆپۈكچىلەرنى يەۋاتقانلىقىنى، بوراندىن كېيىن دېڭىز ساھىلىدا دېڭىز تاشپاقىلىرىغا دەسسەپ ئۆتۈشنى، قاپارتقۇ بېسىپ كەتكەن پۇتلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە دەسسىگەندە، تاشپاقىنىڭ يېرىلىشىدىن چىققان "قىرس" قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى.

بوۋاي، دېڭىز تاشپاقىلىرىنى تۇتۇش بىلەن كۆپ يىللار شۇغۇللانغانلىقتىن، ئۇلارنى ئۇنچە سىرلىق ھېسابلىمايتتى. ئۇ، بارلىق دېڭىز تاشپاقىلىرىغا، ھەتتا ئۇزۇنلۇقى قېيىق بىلەن تەڭ، ئېغىرلىقى بىر تونىنا كېلىدىغان مۇكسىمان چوڭ تاشپاقىلارغىمۇ ئىچ ئاغرىتاتتى. تالاي كىشىلەر دېڭىز تاشپاقىلىرىغا تولىمۇ رەھىمسىزلىك قىلاتتى، ئادەتتە، دېڭىز تاشپاقىسىنى پارچىلىغاندا، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ يۈرىكى بىر نەچچە سائەتكىچىمۇ ھەرىكەتتىن توختىمايتتى. بوۋاي بولسا، مەندىمۇ ئاشۇنداق يۈرەك بار، پۇت-قوللىرىمۇ ئۇلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ دەپ ئويلايتتى. ئۇ، ئۆزىگە دەرمان توپلاش ئۈچۈن، تاشپاقا تۇخۇمىنى كۆپ يەيتتى، تاشپاقا تۇخۇمىنى ئۇدا بەش ئاي يېسە، 9-10-ئايلارغا بارغاندا كۈچلىنىپ چوڭ-چوڭ بېلىقلارنى تۇتالايتتى.

ئـۇ، ھەر كـۈنى دۇمبـاق شـەكىللىك چـوڭ تۇڭـدىن بـىر ئىسـتاكان لەھەڭ بىلىقنىـڭ مېيىنـى ئۇسـۇپ ئىچەتتـى. مۇنـداق دۇمبـاق شـەكىللىك تـۇڭلار بىلىقچىلىـق سـايمانلىرىنى سـاقلايدىغان كىچىـك كەپە ئىچىـدە تـۇراتتى. چـۈنكى تـۇڭنى كەپىدە قويغانـدا، بىلىـق مېيىنـى ئىچكۈسـى بـارلار خالىغان چاغدا بىرىپ ئىچەلەيتتى .كۆپ سـاندىكى بـــىلىقچىلار، بىلـــق مېيىنـــڭ پۇرىغـــدىن سەسكىنەتتى. بىراق بۇخىل مايىنى ئىچىش، سـەھەر تۇرۇپ ئادەم چاقىرشتەك جاپـالىق ئەمەس ئىـدى. ئۇنـىڭ ئۈسـتىگە ئـۇنى ئىچىۋالغانـدا، زۇكامـداپ قېلىشتىن سـاقلانغىلى بـولاتتى، كۆزگـمۇ پايـدىلىق ئىدى.

بوۋاي بېشىنى كۆتىرىپ، ھېلقى سـانىڭ يەنە ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى.

« ئۇنىڭ بىلىققا كۆزى چۈشتى» -دېدى ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا. بۇ چاغدا بىرەرمۇ ئۇچار بىلىق سۇ يۈزىگە چىقمىغان ئىدى، لەيلەپ قالغان بىلىق يەملىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بوۋاي سەپسېلىپ قاراۋاتقاندا، تۇساتتىن بىر دانە تۇڭگۇل بېلىقى سۇدىن ئازراق كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، بىر تولغىنىپلا بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، يەنە سۇغا كىرىپ كەتتى. تۇڭگۇل بېلىقلىرى ئاپتاپتا كۈمۈشتەك پارقىرايتتى، كەينى-كەينىدىن سۇ يۈزىگە چىقىشىپ، تەرەپ- تەرەپكە چېپىشىپ، ھەممە ياققا سۇ چاچرىتاتتى. ھەربىر سەكرەپ چۈشكەندە، نەچچە مېتىر شۇڭغۇپ، بىلىق يەملىرىنى قوغلايتتى.

بوۋاي :ئۇلار ئۇنچە تېز يۈرمىگىنىدە، ئاللىقاچان تۇتۇۋالغان بولاتتىم، دەپ ئويلايتتى ۋە بىلىقلار چالغۇتۇۋەتكەن سۇغا قاراپ تۇردى. شۇ ئەسنادا، سا ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشكەن پېتى

تىرنىلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى، ساراسىمىگە چۈشكەن تىرنىلار سۇ يۈزىگە چىقىۋېلىشتى.

«سا ھەقىقەتەن كۈچلۈك ياردەمچىم» دېدى بوۋاي. دەل شۇ پەيتتە، قېيىقنىڭ تۇمشۇق تەرىپىدىكى تانا بىردىنلا تارتىلغاندەك قىلدى. بوۋاي، ئەسلىدە تانىغا ئىلمەك چىقىرىپ قويغان ئىدى. شۇڭا، پالاقنى قويۇپلا تانىنى چىڭ تۇتۇپ تارتىشقا تەمشىلىۋىدى، بىردىنلا كىچىك توڭگۈل بېلىقنىڭ تارتىشى بىلەن، تانىنىڭ دىر-دىر تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۇ تانىنى تارتقانسېرى، تانا شۇنچە تىترەيتتى. بوۋاي بېلىقنىڭ كۆكۈش دۈمبىسى بىلەن پارقىراپ تۇرغان بىقىنلىرىنى كۆردى -دە، ئۇنى تارتىپ چىقىرىپ، قېيىققا تاشلاپ قويدى. تۇرقى، مىلتىق ئوقىغا ئوخشايدىغان بۇ بېلىق، قارىماققا ناھايىتى بەرجەس كۆرۈنەتتى. ئۇ، كۆزلىرىنى ئالدىغا تىككەن ھالدا، قېيىقنىڭ تۇمشۇغىدا، ئاپتاپقا

قاقلىنىپ ياتاتتى. كۈچلۈك ۋە ھەرىكەتچان قۇيرۇقنى قېيىققا پالاقلىتىپ ئۇرۇۋۆرگەنلىكتىن، ھالىدىن كېتەپ دەپ قالغان ئىدى .بوۋاي، ئامالسىزلىقتىن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرغان ۋە تەپكەن بولسىمۇ، لېكىن تېنى تېخىچە ھەرىكەتتىن توختىماي ۋاتاتتى.

»توڭگۇل بېلىقى،- دېدى بوۋاي مەمنۇن بولۇپ،- بۇنى، ئوبدان بېلىق يېمى قىلغىلى بولىدۇ. ئۆلچىسە 10 قاداق كەلگۈدەك«.

ئۇ، ئۆزىنىڭ قاچانلاردا تۇنجى قېتىم ئۆز-ئۆزىگە ئۈنلۈك گەپ قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئىلگىرى ئۇ ئۆزى يالغۇز ناخشا ئېيتاتتى، بەزىدە كېچىلىرىمۇ ناخشا ئېيتاتتى، بۇ، ئۇنىڭ مۇستەقىل ھالدا بېلىق ياكى دېڭىز تاشپاقىلىرىنى تۇتىدىغان قېيىققا رولچىلىق قىلغان چاغلىرى ئىدى. ئۇ، بەلكىم يالغۇز قالغان

چاغلىرىدىمۇ ئۈنلۈك سۆزلەپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ چاغلار ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتىرىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ،  ھېلقى بالا بىلەن بىرلىكتە بېلىق تۇتقان كۈنلەردە، زۆرۈر تېپىلغاندىلا بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قوياتتى. ئۇلار ئەل-جامائەت جىمىپ كەتكەن يېرىم كېچىلەردە ياكى قاتتىق بوران چىقىپ قېيىقنى ھەيدىگىلى بولمايدىغان كۈنلەردە پاراڭلىشاتتى .ئادەتتە زۆرۈر بولمىغاندا، دېڭىز ئۈستىدە پاراڭلاشماسلىق ياخشى پەزىلەت ھېسابلىناتتى، بوۋايمۇ شۇنداق قاراشتا ئىدى ۋە بۇ خىل پەزىلەتكە ھۆرمەت قىلاتتى. بىراق ئۇ، شۇ تاپتا كۆڭلىدىكى نۇرغۇن ئويلىرىنى ئۈنلۈك ئېيتىپ تاشلىغان ئىدى، چۈنكى ھازىر ئۇنىڭ گەپلىرى ھېچكىمگە دەخلى قىلمايتتى.

«    باشقىلار مېنىڭ بۇ يەردە ئۈنلۈك گەپ قىلغىنىمنى ئاڭلاپ قالسا، جەزمەن ئالجىپ قاپتۇ

دېيىشى مۇمكىن. بىراق مەن ئالجىپ قالمىغاندىكىن چاتىغىم نېمە. پۇلى بارلار قېيىق ئۈستىدە رادىيو تىڭشايدۇ. رادىيودىن لېپچۇر ھەققىدە خەۋەرلەرنى ئاڭلىيالايدۇ» -دېدى ئۇ يەنە ئۈنلۈك ئاۋازدا. ئاندىن : ھازىر لېيپچۇر مۇسابىقىسىنى خىيال قىلىدىغان چاغ ئەمەس. پەقەت بىر ئىشنىلا، يەنى نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىمنى خىيال قىلىشىم كېرەك. بىر توپ بېلىقنىڭ چۆرىسىدە، بىر تال چوڭ بېلىقنىڭ بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بايا تۇتۇۋالغىنىم، چوڭ بېلىققا يەم بولۇۋاتقان توڭگۈل بېلىقلىرى ئارىسىدىكى توپتىن ئايرىلىپ قالغىنى بولسا كېرەك. بىراق قالغانلىرى ھاياللىماي يىراقلارغا قېچىپ كېتىشتى. ئىشقىلىپ، بۈگۈن سۇ يۈزىگە چىققان بېلىقلارنىڭ ھەممىسى تېز-تېز ئۈزۈشۈپ، شەرقىي شىمال تەرەپكە كېتىشتى. بۇنىڭدا بىرەر سىر بارمىكىن ياكى مەن پەرەز

قىلالمىغان بىر خىل ھاۋارايىدىن دېرەك بېرىۋاتقان ئىشىمكىن؟ دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

ئەمدى، ئۇ ھاۋا رەڭ دېڭىز قىرغىقىنى كۆرەلمىدى. پەقەت يېشىل تاغلارنى ۋە ئاپپاق قاردەك ئېگىز چوققىلارنى، چوققا ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلارنىلا كۆرەلىدى. بۇلۇتلار كۆككە تاقاشقان قارلىق تاققا بەكمۇ ئوخشايتتى. دېڭىز سۈيى قاپ-قارا كۆرۈنەتتى، قۇياش نۇرى سۇدا رەڭمۇ رەڭ نۇرلارنى چاقناتتى .ئۈزۈپ كېتىپ قالغان جانلىقلار ھاسىل قىلغان يالتىراق نۇرلار، قۇياش تەرىپىدىن كۆمۈۋېتىلگەن ئىدى. بوۋاي قارماق تانىسىنى بىر ئېنگىلىز مىلى چوڭقۇرلۇقتىكى سۇدا، ئىلىپتەك تىكلەشتۈرگەن چاغدا، يەنىلا رەڭگا -رەڭلىك، چوڭقۇر دېڭىز سۈيىدىن چاقنىغان يالتىراق نۇرنى كۆردى.

توڭگـۇل بىلـىق (بـىلىقچىلار ئـادەتتە مۇشـۇ تىپتىكى بىلىقلار تۇركۇمىگە كىرىدىغان بىلىقلارنىـڭ ھەممىسىـنى توڭگـۇل بىلىقـى دەپ ئاتىشـاتتى. بـۇ خىل بىلىقلارنى، ساتىدىغان ياكى بىلىق يەملىـرىگە ئالماشتۇرىدىغان چاغدا، ئاندىن ھەر قايسىسىـنىڭ رەسـمىي نـاملىرىنى ئاتىشـاتتى ) لـىرى يەنە دىڭىـز تەكتىگە چۆشۈپ كەتكەن ئىدى. بوۋاي، پاتىڭنىـڭ قىزىـــپ كېتىۋاتقانلىقـــدىن قۇياشـــنىڭ تەپتىنـــى سەزدى. ئـۇ، ئەمـدى قېيىقنـى ھەيـدىگەن چاغـدا، دۈمبىســـدىن مونچـــاق-مونچـــاق تەرلەر ئېقـــىپ چۈشەتتى.

قېيىقنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسەم بولمايدۇ،-دەپ ئويلىـــدى ئـــۇ،- ئەگەر تـــاننى پۇتۇمنىـــڭ بارمىقىغـا بـاغلاپ ئۇخلىسـام، تانىنىـڭ سىلكىشـى بىلەن تېـزلا ئويغانغـان بـولاتتىم. بـىراق بۈگـۈن 85 كـۈن بولـۇپ قالـدى، شـۇڭا ئەپـلەپ تـۇرۇپ بىلـىق تۇتمىسام بولمايدۇ.

ئۇ يەنە قارماق تانىسىغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋېدى، سۇ يۈزىدىكى يىپىشىل بادىرا بىردىنلا سۇغا چۆكۈپ كەتتى.

«ئوبدان بولدى، بەك ئوبدان بولدى» - دېدى ئۇ ۋە قېيىقنى توختىتا-توختاتماستىن پالاقنى قويىدى-دە، قارماق تانىسىنى ئوڭ باشمالتىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ ئارىسىغا قىسىۋالدى. بىراق، تانا بوش ۋە يېنىك بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئېغىرلىق ھېس قىلىنمىدى. شۇ ئەسنادا تانا لىڭشىغاندەك قىلدى. بۇ قېتىم تانىنى سىناپ تارتىپ بېقىۋېدى، يەنىلا ھېچبىر ئالامەت سېزىلمىدى. ئاندىن، ئۇ بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى .ئەسلىدە، 100فاتخوم چوڭقۇرلۇقتا بىر تال سەقاڭغۇر بېلىقى، قارماقنى ئوراپ تۇرغان سارتىن بېلىقىنى يەۋاتاتتىقانلىقتىن، قارماق، تۇڭگۈزۈل بېلىقىنىڭ باش تەرىپىدىن چىقىپ قالغان ئىدى.

بوۋاي قارماق تانىسىنى ئەپلىك تۇتۇپ تۇرۇپ، سول قولى بىلەن بادىرىدىن ئاستا يېشىۋالدى. ئۇ تانىنى ناھايىتى سىلىق سىرىغانلىقتىن، بېلىقلار ھېچنىمىنى سېزەلمەي قالدى.

بۇ مەزگىلدە شۇنچى چوڭقۇرلۇقتا يوشۇرۇنۇۋالغان بېلىقلار، چوقۇم سەمىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن،- دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ،- يەڭلار بېلىقلار، يېيەڭلار، مەن سىلەرنى يەۋالسۇن دەۋاتىمەن، تىرنىلار شۇنچە يۇمشاق تۇرسا، نېمە دەپ 600 فاتخوم چوقۇرلۇقتا مۆكۈۋالسىلەر، نېمە دەپ قاپ-قاراڭغۇ مۇزدەك سۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋالسىلەر، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن چىقىپ تىرنىلارنى يەڭلار.

ئۇ، تانىنىڭ ئاستا تارتىلغىنىنى، كېيىن يەنە كۈچەپ تارتىلغىنىنى سەزدى. بىراق شۇ تاپتا

سارتىن بېلىقنىڭ بېشى قارماقتىن چىقىپ كەتمەيۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك، بېلىقنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

» كېلىڭلار،- دېدى بوۋاي گېلىنى قىرىپ،- يەنە بىر نۆۋەت كېلىڭلار، ئۇلارنى پۇراپ باقامسىلەر. تىرىنلار ئىنتايىن مەزىلىكقۇ. ئۇلارنى يېڭى ۋاقتىدىلا يەۋېلىڭلار، ئۇلارنى يەپ بولساڭلار يەنە تېخى توڭگۇل بېلىقى بار، توڭگۇل بېلىقى بەكمۇ چىلىك، سوغۇق، چىرايلىق. خىجىل بولماڭلار، ئۇلارنى يەۋېتىڭلار«.

ئۇ قارماق تانىسىنى باشمالتىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ ئارىسىغا تۇتقان پېتى، قولىدىكى تانىغا سەپسېلىش بىلەن بىرگە باشقا تانىلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىدى. چۈنكى بېلىقلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۈستىگە چىقىپ،

يەنە كىرىپ-كېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تېخى ھازىرلا تانا تارتىلغاندەك قىلغان ئىدى.

«ئۇ چوقۇم يەيدۇ،-دېدى بوۋاي غۇرۇڭ-غۇرۇڭ ئاۋازدا،- خۇدا ئۇنىڭ ئاشۇ بىلىقنى يېيىشكە مەدەت بەرگەيسەن».

بىراق ئۇ قارماقتىكى بېلىقنى يېمەستىن تىكىۋەتتى. بوۋاي ھېچنىمىنى ئاڭقىرالمىدى.

«ئۇ كېتىپ قالمايدۇ، ھەرگىز كېتىپ قالمايدۇ، پىرقىراپ قويىۋېپ يەنە كېلىدۇ .بەلكىم ئۇ بۇرۇن قارماققا ئىلىنىپ قالغان بولسا، شۇ ئىش يادىغا كېلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن»-دېدى بوۋاي.

بىردەمدىن كېيىن تانا يەنە تارتىلغاندەك قىلۋىدى، ئۇ قىن-قىنىغا پاتماي كەتتى.

« ئۇ تاننى ئايلىنىپ يۈرىدۇ، قارماققا ئىلىنماي قالمايدۇ«!

قارماق تانىسىنىڭ بىلىنەر-بىلىنمەس لىڭشىۋاتقانلىقىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى. ئاندىن ئۇ، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك ئېغىرلىقتىكى قاتتىق بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى سەزدى. ئۇ نەرسىنىڭ ئېغىر بېلىق ئىكەنلىكىدە گەپ يوقتى. شۇڭا ئۇ، ئىككى يۆگەم زاپاس تاننىڭ بىرىنى قويۇپ، قارماق تانىسىنى بولۇشىچە تۆۋەنگە چۈشۈردى. ئۇ تاننى تۆۋەنگە سىيرىۋاتقىنىدا، ئىككى بارمىقىدا چۈشۈۋاتقان بېسىمدىن ئېغىرلىقىنىڭ سالمىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلدى.

« نېمە دېگەن چوڭ بېلىق-ھە! -دېدى بوۋاي خۇشاللىنىپ،- شۇ تاپتا ئۇ قارماقتىكى بېلىقنى قىيپاش چىشلەپ ئۇدۇل كېتىۋاتىدۇ. ئۇ

ئاخىر بۇرۇلۇپ كىلىپ، قارماقتىكى بېلىقنى جەزمەن يەيدۇ.» بوۋاي بېلىقنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى، ئۇنىڭ توڭگۇل بېلىقنى قىيپاش چىشلىگەن پېتى قاراڭغۇ سۇ ئىچىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى مۆلچەرلىدى. شۇ ئەسنادا ھېلقى چوڭ بىر بېلىق بىردىنلا توختاپ قالغاندەك قىلدى، بىراق تانا بۇرۇنقىدەكلا ئېغىر ئىدى .بىردەمدىن كېيىن تانا يەنە ئېغىرلىششقا باشلىۋىدى، ئۇ، تانىنى يەنە بىر ئاز قويۇۋېتىپ بەردى ۋە باشمالتىغى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىغا كۈچ توپلىۋالدى، بىراق بۇ چاغدا تانا تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئىدى.

« قارماققا ئىلىندى، قارماقتىكى بېلىقنى ئوبدان يەۋالسۇن » -دېدى بوۋاي ئۈزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ.

ئۇ، قارماق تانىسىنى سىيرىۋېتىپ، سول قولى بىلەن ئىككى تال زاپاس تانىنىڭ ھەر بىر

ئۇچىنى، باشقا ئىككى تال زاپاس تانىنىڭ ئىلمىكىگە چەگدى. شۇ تاپتا ھەممە تەييارلىقلار پۈتكەن بولۇپ، ئەمدى ئۇنىڭدا 40 فاتخوم ئۇزۇنلۇقتىكى ئۈچ تال قارماق تانىسى ۋە ئىشلىتىۋاتقان بىر يۆگەم تانىلا قالغان ئىدى.

» يەنە بىزە يىگىن، تويغىچە يىگىن -دېدى بوۋاي ئۆنلۈك ئاۋازدا ۋە ئادىتى بويىچە سۆزىنىڭ كېيىنكى قىسمىنى ئۈنسىز خىيالغا ئۆزگەرتىۋەتتى،- قانغىچە يەۋالغىن، سەن قانچە يېسەڭ، قارماقنىڭ ئۇچى يۈرىكىڭگە شۇنچە سانجىلىپ، سېنى جەھەننەمگە يوللايدۇ. ئەركىن - ئازادە كەلسەڭ، ئارىنى قورسىقىڭغا ئوبدان سانچىيمەن. ئەمدىغۇ تەييارلىقىڭ پۈتكەندۇ؟ يەۋاتقىنىڭغا خېلى ئۇزۇن بولدىغۇ«.

» بولدى!« -بوۋاي بۇ سۆزنى ئۈنلۈك ۋارقىراپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تانىنى يىغىشقا

باشلٮدى، تاننى بٮر مٻتٮردەك ٮغقانٮدٮن كٻيٮن، يەنە تارتقلى تۇردى، ئٮككى پۇتى بلەن تٮرەجەپ تۇرۇپ، ئٮككى قولنى نۆۋەت بلەن هەرٮكەتلەنٮدۇرۇپ، تاننى ئالٮدى-كەيٮنگە قارٮماستٮن تارتتى.

تٻخچە بٻلٮقنٮڭ قارسى كۆرۈنٮمٮدى. دەل شۇ پەيتتە، بٻلٮق ئاستا-ئاستيا ئۈزۈپ ماڭدى، بوۋاي ئۇنى يۇقٮرٮغا ئازراقمۇ تارتالماي قالدى. ئۇنٮڭ چوڭ بٻلٮقلارنى تارتٮشٮغا ئٮشلٮتٮدٮغان بۇ تانٮسى ئٮنتايٮن مەزمۇت بولغانلٮقتٮن، ئۇنى مۈرٮسٮگە ئٻلٮپ مەهكەم تارتٮپ تۇردى. تانا چٮڭ تارتٮلغانلٮقتٮن، سۇ ئۈنچٮلٮرى هەر تەرەپكە چاچراپتتى. بٮردەمدٮن كٻيٮن تانٮدٮن چٮرسلاپ ئاۋاز چٮقٮشقا باشلٮدى. بٮراق بوۋاي، تاننى مەهكەم تۇتقان پٻتى قٻيٮقتا ئولتۇرۇۋٻلٮپ، جٻنٮنٮڭ بارٮچە تٮركٮششەتتى، ئارقٮدٮن ئوڭدٮسٮغا يٻتٮپ تۇرۇپ تارتتى. قٻيٮق

ئاستا-ئاستا غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ سىلجىغىلى تۇردى.

بىلىق تىنماستىن ئۈزەتتى. قىيىق بىلەن بوۋاي تىنچ سۇدا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىپ باراتتى. باشقا بىلىق يەملىرى سۇ ئىچىدە قالدى، ئۇنى يىغىشتۇرۇشقا ھېچقانداق چارە يوق ئىدى.

« بۈگۈن ھېلقى بالا بىللە بولغان بولسا ئەجەپ ياخشى بولاتتى-ھە؟!-بوۋاي ئەلەم بىلەن ۋارقىراپ تاشلىدى،- بىلىق مېنى سۆرەپ مېڭىۋاتىدۇ، شۇ تاپتا مەن مال باغلاپ قوياۋ، ياق، بىلىق تانىنى ئۈزۈۋەتسە قانداق قىلىمەن؟ جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويماي، ئۇنىڭغا تانا لازىم بولسا تانىنى بىر ئاز ئۈزارتىپ بېرەي. ھەر نېمە بولسا خۇداغا شۈكرى، ئۇ تېخى ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ، دېڭىز ئاستىغا كىرىپ كەتكىنى يوققۇ»

بۇۋاي بىردەمدىن كېيىن يەنە: مۇبادا ئۇ سۇ ئاستىغا كىرىپ كەتسە قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بۇنى ئۇقمايمەن. ئەگەر قىلىشىم كېرەك، بۇنىمۇ ئۇقمايمەن .بىراق جەزمەن بىر چارە تېپىشىم كېرەك. مەن قىلالايدىغان ئىشلار تېخى كۆپقۇ، دەپ ئويلىدى.

ئۇ دولىسىدىكى قارماق تانىسىنى چىڭ تۇتقان هالدا، تانىنىڭ سۇغا قىيپاش چۆكۉپ تۇرغانلىقىغا، قېيىقنىڭ غەربىي شىمال تەرەپكە كېتىۋاتقىنىغا كۆزىنى ئۉزمەي قاراپ تۇردى.

هەي، ئۇ ئۆز جېنىغا زامىن بولىدىغان بولدى،- دەپ ئويلىدى بۇۋاي،- ئەبدىل-ئەبەت قېيىقنى سۆرەپ كېتىۋەرمەيدۇ-دە.

هالبۇكى، تۆت سائەتتىن كېيىنمۇ بۇ چوڭ بېلىق ئاۋۋالقىدەكلا قېيىقنى سۆرەپ، تەمتىرىمەستىن پايانسىز دېڭىزدا ئۉزۉپ كېتىپ

باراتتى. بوۋاي بولسا قىلىچە بوشاشماستىن دولىسىدىكى تاننىنى تارتىپ تۇراتتى.

«مەن ئۇنى چۈشتە قارماققا ئىلغان ئىدىم، بىراق تېخىچە ئۇنى كۆرەلمەيۋاتىمەن»-دېدى بوۋاي.

ئۇ بېلىق قارماققا ئىلىنىشتىن بۇرۇن چىغ قالپىقىنى بېشىغا مەھكەم كىيۋالغان ئىدى، چىغ قالپاق ئەمدى ئۇنىڭ پېشانىسىنى قىسىپ ئاغرىتىشقا باشلىدى. بوۋاي قاتتىق چېڭقاپ كەتكەنلىكتىن، تاننىنى مىدىرلاتماي تۇرۇپ ئاستا تىزلىنىپ، بوتۇلكىغا قولى يەتكۈدەك يەرگىچە ئۆملەپ باردى-دە، بىر قولى بىلەن بوتۇلكىنى ئالدى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، سۇدىن ئازراق ئىچىۋالغاندىن كېيىن، يەنە قېيىقنىڭ باش تەرىپىگە يېرىپ چۈشۈرۋالغان ماچتا بىلەن يەلكەنگە

يۆلىنىپ ئولتۇردى. شۇ تاپتا ئۇ پۈتۈن ئەس-ھوشىنى يىغىپ، چىشىنى چىشلەپ كېتىپ باراتتى.

ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، يەر-زېمىننىڭ ئالىلقاچان كۆزدىن غايىب بولغانلىقىنى بىلدى.

بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق،-دەپ ئويلىدى ئۇ،-مەن بەرىبىر ھاۋانىڭ چىراقلىرىنى نىشان قىلىپ قايتىپ كېلەلەيمەن. يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن كۈن پاتىدۇ، بەلكىم ئۇ كۈن پېتىشتىن بۇرۇن چىقىپ قالار، يا بولمىسا ئاي چىققاندا چىقىپ قالار، ھېچ بولمىغاندا ئەتە كۈن چىققان چاغدىغۇ چىقىپ قالار. مېنىڭ پېيىم تارتمايدۇ، كۈچ -قۇدرىتىممۇ يېتەرلىك. ھەر ھالدا قارماق ئۇنىڭ ئاغزىغا ئىلىندى، بىراق ئۇ تاننى يەنىلا سۆرەپ كېتىپ بارىدۇ، قارىغاندا بەك چوڭ بېلىق بولسا كېرەك، نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئاغزىغا قارماق

مەھكەم كەپلەكلىك، ئۇنى بىر كۆرسەم بولاتتى. مېنىڭ قارمىقىمغا ئىلىنغىنى زادى قانداق بېلىق ئىكەنلىكىنى بىر كۆرۈپ باققۇم بار. غىل-پاللا كۆرۈۋالسامۇ مەيلىتى.

بوۋاينىڭ يۇلتۇزلارغا قاراپ چىقارغان ھۆكۈمىدىن قارىغاندا، بۇ چوڭ بېلىق كېچىچە يۆنۈلۈشىنى ئۆزگەرتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. كۈن پېتىپ، ھاۋا سوۋۇشقا باشلىدى، بوۋاينىڭ ئۈستىدىكى تەرلەر قۇرۇپ، غولى ۋە پۇت-قوللىرى مۇزلىغىلى تۇردى .كۈندۈزى ئۇ بېلىق يېمى ساقلايدىغان ساندۇقنىڭ ئۈستىدىكى تاغارنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ قويغان ئىدى. كۈن پاتقاندىن كېيىن ئاشۇ تاغارنى دولىسىغا بېسىپ تۇرغان تانىنىڭ ئاستىدىن پەم بىلەن ئۆتكۈزۈپ تارتىۋالدى، ئاندىن قېيىقنىڭ گىرۋىكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، خېلى ئارام تاپقاندەك بولدى. بۇ ئەلۋەتتە، ئىلاجسىزلىقتىن قىلۋاتقان ئىش ئىدى.

شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى ئاز-تولا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى ۋە : ماڭا بوي بەرمەيۋاتىدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭغا بوش كەلمەيۋاتىمەن. ئۇ مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ھەر ئىككىمىز ئامال قىلالمايمىز دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى.

ئۇ ئازراق ئۆرە تۇرغاندىن كېيىن، قېيىقنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ سۇغا قارىتىپ كىچىك تەرەت قىلدى ۋە ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ كېتىۋاتقان يۆلۈنۈشنى پەرق ئەتتى. ئۇنىڭ دولسىدىن سىرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان قارماق تانىسى، سۇدا فوسفور ئوتىدەك نۇر چاقنىتاتتى. شۇ تاپتا قېيىق تېخىمۇ ئاستىلاپ قالغان ئىدى، ھاۋانانىڭ چىراقلىرى خىرە كۆرۈنەتتى. بوۋاي، دېڭىز ئېقىنىنىڭ قېيىقنى شەرققە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ھاۋانانىڭ چىراقلىرى كۆرۈنمىسە، شەرق تەرەپكە كېتىپ بارغان بولىمىز. مۇبادا بېلىق، يۆنۈلۈشنى ئۆزگەرتمىسە، بىر

نەچچە سائەتتىن كېيىن چىراقلارنى چوقۇم كۆرەلەيمەن، -دەپ ئويلىدى بوۋاي،- لېيچۈر مۇسابىقىسىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قالدىم -دە .رادىيو بولغان بولسا، ئاڭلىسام قانچە يايراپ كېتەتتىم...ھەي، ئەجەپ يوق ئىشلارنى ئويلاپ كەتتىمغۇ، ھازىر قىلۋاتقان ئىشىم توغرۇلۇق باش قاتۇرسام بولمىدىمۇ. ئەخمىقانە ئويلاردا بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

بىردەمدىن كېيىن ئۇ، يەنە ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ سۆزلىگىلى تۇردى: «ياشىنىپ قالغان ئادەم يالغۇز قالسا ئەپلەشمەيدىكەن -دە! بىراق، بۇمۇ بولۇپ تۇرىدىغان ئىش .جېنىمنى ئاسراش ئۈچۈن، توڭگۇل بېلىقلىرىنى چىرىمىگەن ۋاقتىدىلا يەۋېتىشنى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقارماي. قېرى، يادىڭدا تۇرسۇن، قانچىلىك يېيەلىشىڭدىن قەتئىنەزەر، ئەتە ئەتىگەن ئۇنى يەۋېتىشىڭ كېرەك، ئۇنتۇپ قالما« !

بىر چاغدا قىيىقنىڭ ئەتراپىدا بىر جۈپ كىچىك يۇنۇس بىلىقى پەيدا بولدى، ئۇ يۇنۇس بىلىقلىرىنىڭ شۇڭغۇغان، سۇ پۈركىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇردى. چۈنكى، بوۋاي ئەركەك بىلىقلارنىڭ شاۋقۇن سېلىپ سۇ پۈركىگەن تاۋۇشى بىلەن چىشى بىلىقلارنىڭ سۇ پۈركىگەتن چاغدىكى نازاكەتلىك تاۋۇشىنى ئېنىق ئايرىيالايتتى.

«ئۇلار بەكمۇ ئىناق ئۆتىدۇ،-دېدى ئۇ،-بىللە ئوينايدۇ، بىللە كۆڭۈل ئاچىدۇ، بىر-بىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. خۇددى ئۇچار بىلىقلارغا ئوخشاشلا، ئۇلارمۇ بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز».

ئارقىدىن ئۇ قارماقتىكى چوڭ بىلىققا ئىچ ئاغرىتىشقا باشلىدى: « قالتىس بىلىقكەن بۇ، ھەيران قېلىۋاتىمەن. نەچچە ياشقا كىرگەندۇ؟ مەن ئەزەلدىن بۇنداق يامان، بۇنداق چىرايلىق بىلىقنى كۆرگەن ئەمەسمەن. بەلكىم ئۇ، بەك تادان بولسا

كېرەك، زادىلا ئۆزىنى ئۇپراتمىدى. ئۇ بىرەر قېتىم سەكرەپ چىقىدىغان ياكى ئالدىغا بىر شۇڭغۇيدىغان بولسا، مېنى تۆگەشتۈرگەن بولاتتى. بۇرۇن قارماققا تولا ئىلىنىپ قالغان بېلىق بولسا، مۇشۇنداق سۆرىشىپ يۈرۈشىنى، مەن بىلەن ئېلىشىشىنىڭ ئەڭ ئېسىل چارىسى دەپ قاراۋاتامدىكىن-يە؟ بىراق ئۇ رەقىبىنىڭ يالغۇز بىرلا كىشى ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ بىر قېرى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيۋاتقان بولۇشىمۇ ئېھتىمال. بۇ بېلىق نېمى دېگەن چوڭ، گۆشى ئوبدان چىقسا بازاردا خېلى پۇلغا يارايدۇ، ئۇنىڭ بېلىق يېمىنى يېيىشىدىن قارىغاندا ئەركەك بېلىقتەك قىلىدۇ، تانىنى تارتىشىمۇ ئەركەك بېلىققا ئوخشاۋاتىدۇ، ھەرىكىتىمۇ بەك سالماق. ئۇنىڭ بىرەر غەرىزى بارمىدۇ ياكى ماڭا ئوخشاش ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلىۋاتقانمىدۇ؟»

بوۋاي ئىلگىرى بىر جۈپ ساقاڭقۇر بېلىقنىڭ بىرنى قارماققا ئىلىندۇرگەن چاغدىكى مەنزىرىنى ئەسلەپ قالدى. ئەركەك بېلىق بىرەر يەم ئۇچرىغاندا ھامان ئاۋۋال چىشى بېلىققا ئۆتۈنۈپ بېرىدىغانلىقتىن، شۇ چاغدا قارماققا ئىلىنىپ قالغىنىمۇ دەل چىشى بېلىق ئىدى. ئۇ، قارماققا ئىلىنىپ قالغاندىن كېيىن، غالجىرلىشىپ ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ قۇتۇلالماي ھالىدىن كېتىپ قالغان .ئەركەك بېلىق بولسا، چىشى بېلىقنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەي، ئۇزۇنغىچە قارماقنى ئايلىنىپ يۈرگەن. ئۇ، قارماقنىڭ چۆرىسىدە پىرقىراپ يۈرگەندە، بوۋاي ئۇنىڭ قۇيرۇقى بىلەن بىر ئۇرۇپلا تانىنى ئۈزۈۋېتىشتىن بەكمۇ ئەنسىرىگەن ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، شەكلى ۋە ئورغاققا ئوخشايدىغان قۇيرۇقى، ئەمەلىيەتتىمۇ ئورغاقتەك ئىتتىك ئىدى. بوۋاي، چىشى بېلىقنىڭ تېنىگە ئارا تىقىپ،

شەمشەردەك ئاغزى، قانتى ۋە پۆتكۈل باش-كۆزىنى كالتەكلەپ كۆكەرتىۋەتكەن، ئاندىن بالا بىلەن بىرلىكتە ئۇنى قېيىققا سۆرەپ چىققان. ھېلقى ئەركەك بېلىق بولسا، شۇ چاغقىچە قېيىقنىڭ يېنىدىن چۆرگىلەپ كېتەلمىگەن ئىدى. بوۋاي، تانا، ئارا ۋە باشقا يەنە تىك كۆتىرىلىپ چىقىپ، چىشى بېلىقنىڭ سوزۇلۇپ ياتقىنىنى كۆرگەندىن كېيىنلا، ئاندىن سۆسۈن قاناتلىرى كېرىلگەن، تومۇرلىرى كۆپكەن ھالدا شۇڭغۇپ، سۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى. بوۋاي: بۇ ئىشنى ئويلىساملا ئىچىم سىيرىلىپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا بالىمۇ قاتتىق ئازابلانغان ئىدى، شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ زاماتلا سويۇۋەتكەن ئىدىم. دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

«بالا بۇ يەردە بولغان بولسا ئەجەپ ياخشى بولاتتى-ھە» -دېدى بوۋاي ئۈنلۈك ئاۋازدا. ئۇ قېيىقنىڭ بېشى تەرەپتىكى قېلىن تاختايغا چىڭ

يۆلىنىپ تۇرۇپ، دولىسىنى بېسىپ تۇرغان رانىنىڭ سالمىقىدىن بېلىقنىڭ ئېغىرلىقىنى قىياس قىلدى. قارماق تانىسى بولسا ئاشۇ چوڭ بېلىق تاللىغان يۆلۈنۈشىنى بويلاپ لەرزان كېتىپ بارماقتا ئىدى.

مەن ئۇنىڭ ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ قويغىنىم ئۈچۈن، ئۇمۇ ئۆز يولىنى تاللىشى كېرەك، دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ يەنە،- ئۇنىڭ تاللىغىنى ھەر قانداق تۇزاق، ئالدامچىلىق ۋە ھىيلە-نەيرەڭ توساپ قالالمايدىغان قاراڭغۇ سۇ ئىچىگە كىرىپ كېتىشتىن ئىبارەت. مېنىڭ تاللىغىنىمچۇ؟ مېنىڭ تاللىغىنىم ئادەمزات بېرىپ باقمىغان جايلارغا بېرىپ باقمىغان يەرلەرگە بېرىشتىن ئىبارەت. نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭغا يولۇقۇپ قاپتىمەن، چۈشتىن ھازىرغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇۋاتىمەن. ھەر ئىككىلىمىزنىڭ ياردەمچىسى يوق. ئەسلى مەن بېلىق تۇتىدىغان ئىشنى قىلمىسام بوپتىكەن. بىراق كىچىكىمدىن

تارتىپلا مۇشۇ ئىشنى قىلىپ كېلىۋاتىمەن. تاڭ ئېتىشنى كۈتمەيلا توڭگۇل بېلىقنى يەۋېتىشنى زادى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويماي...

تاڭ سۆزۈلۈشكە باشلىغاندا ئاللىقانداق بىر نەرسە قېپىقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن تاشلانغان بېلىق يېمنى تارتقاندەك قىلدى -دە، بادىرىنىڭ سۇنغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، قارماق تانىسى قېپىقنىڭ گىرۋىكىدىن تېز-تېز سىرىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى. بوۋاي قاراڭغۇدا پىچىغىنىڭ غىۋنى چۆرۈپ تاشلاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى ۋە چوڭ بېلىق، سول گەجگىسىگە چۈشۈرۈپ تۇرغان ئېغىرلىقتا چىشىنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىپ، تانىنى قېپىقنىڭ گىرۋىكىگە قويۇپ كېسىۋەتتى ۋە ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بولغان يەنە بىر تال تانىنى چورتلا ئۈزدى -دە، تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، يۆگەكلىك زاپاس تانىنىڭ بوش تۇرغان ئىككى ئۇچىغا چەگدى. بىر قولىدا ئەپچىللىك بىلەن ئىلمەك چىقىرىپ، بىر

پۈتــــدا يۈگەكلــك تـــاننى دەسســـەپ تـــۈرۈپ ئىلمەكنــى چىڭىتتــى. شــۇ تاپتــا ئــۇ ئــالتە يــۈگەم تاننى باشقۇرۇۋاتاتتى .تانىلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە چېتىۋېتىلگەن ئىدى.

ئـــۇ 40 :فــاتخوم چىڭقۇرلــۇقتىكى بىلــق يەملىرىنى، تاڭ ئاتقاندىن كېيىن قايتىپ بېرىپ بىر نەرســە قىلاي، بولمىســا ئۇنىمــۇ كېســىپ تاشلاپ، زاپـــاس تانىغـــا چېتىـــپ قويـــاي. كاتالونىيـــدىن كەلتــۈرۈلگەن 200 فــاتخوم ئۇزۇنلــۇقتىكى ئوبــدان تانام بىلەن قارماق ۋە توم سىملىرىنىڭ ھەممىسى يوقــاپ كەتتــى. ئــۇ نەرســلەرنى كېيــنچە بېرىــپ ئــزلەپ باقــاي. بــراق قارمىقىغــا باشــقا بــېلىقلار چوشــۇپ قالســا، ئــۇ بىلىقنىــڭ سۈنى چالغىتىشــى بىلەن ھېلقى چوڭ بېلىقنى يوقىتىــپ قويىسام، ئــۇنى نەلەردىــن ئىــزلەپ يــۈرىمەن؟ بايــاتىن قارمىقىمغــا چوشكىنى قانداقراق بېلىقتۇ؟ ساقاڭقۇرمىدۇ، ئوق- يـــا بىلـــــق يــــاكى لەھەڭمـــــدۇ؟ زادى

ئۇقالمايۋاتىمەن. ھايت -ھۇيت دېگىچە ئۇ تاننىى ئۇزارتىپ بېرىپتىمەن، دەپ ئويلىدى.

ئۇ يەنە ئاۋازنى قويۇپ بېرىپ سۆزلىدى : " بالا بۇ يەردە بولغان بولسا ئەجەپ ياخشى بولاتتى-ھە! بىراق بۇ يەردە بالىنىڭ قارىسىمۇ يوق» -دەپ خىيالىنە داۋاملاشتۇردى ئۇ : بۇ يەردە تەنھا ئۆزۈڭ تۇرۇۋاتىسەن، ئەڭ ياخشىسى سەن بېرىپ ئەڭ ئاخىرقى بىر تال تاننىى يىغىشتۇرۋالغىنىڭ تۈزۈك، قانچە قاراڭغۇ بولۇشىغا قارىماي ئۇنى كېسىپ تاشلاپ، ئىككى يۆگەملىك تاننىغا چېتىپ قويۇشۇڭ كېرەك.

ئۇ ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلدى. قاراڭغۇ كېچىدە بىر ئىش قىلىش تولىمۇ ئاۋارىچىلىق. بۇ چاغدا ھېلقى بېلىق، بىر ئىغاڭلاپ دولقۇن ھاسىل قىلىپ، بوۋاينى قېيىققا دۈم سالدى، بوۋاينىڭ قاپىقىنىڭ ئاستى يېرىلىپ كەتتى ۋە قان چىقىپ

قوۋزىنى بويلاپ چۈشۈپ ئېڭىكىگە كېلەي دېگەندە قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ، تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ قېيىقنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، گىرۋەككە يۆلىنىپ ئولتۇردى-دە، دولىسىدىكى تاغارنى تۈزەشتۈرۈپ، قارماق تانىسىنى پەم بىلەن دولىسىنىڭ باشقا يېرىگە يۆتكىۋالغاندىن كېيىن، تانىنى دولىسى بىلەن مەھكەم تىرەپ تۇرۇپ، بېلىقنىڭ ھەرىكىتىنى سىناپ كۆردى، ئاندىن قولى ئارقىلىق قېيىقنىڭ سۈدىكى سۈرئىتىنى بىلىپ باقتى.

ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن قېيىقنى ئىككى ياققا تەۋرىتىدىغانلىقىنى بىلمەيۋاتىمەن،- دەپ ئەلەم بىلەن ئويلىدى ئۇ،- قارماق تانىسى بەلكىم ئۇنىڭ كەڭ دۈمبىسىدە سېرىلىپ تۇرمايۋاتقان بولسا كېرەك. دەرۋەقە، ئۇنىڭ دۈمبىسى مېنىڭكىدەك ئاغرىمايۋاتقاندۇ، لېكىن ئۇنىڭ تېنى ھەر قانچە چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ، قېيىقىمنى ئەبەدىل -

ئەبەت سۆرەپ يۈرۈۋەرمەيدۇ، مانا ئەمدى ماڭا ئاۋارىچىلىق تېرىيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن خالىي بولدۇم، بىر يۆگەم زاپاس تانامۇ يوق بار. بىر ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك نەرسە ھەر قانچە بولغاندىمۇ شۇنچىلىك بولىدىغاندۇ؟

»ئەي بېلىق،- دېدى ئۇ يېقىملىق ئاۋازدا،- مەن ئۆلسەممۇ سەن بىلەن بىللە ئۆلىمەن« .

ئاندىن ئۇ يەنە: پەرزىمچە، ئۇ مەندىن ئايرىلالمايدۇ، شۇڭا تاڭ ئېتىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. مانا سۈبھى ۋاقتىمۇ بولاي دەپ قالدى، ھاۋامۇ سوۋۇپ كەتتى،- دەپ ئويلىدى ۋە كالتەككە يۆلىنىپ تۇرۇپ ئىسسىنىۋالدى،- ئۇ قاچانغىچە چىدىيالىسا مەنمۇ شۇ چاغقىچە چىدىيالايمەن.

تاڭ سۈزۈلۈپ كېلۋاتقاندا، قارماق تانىسى سۇ ئۈستىدە غىل-پال كۆرۈنگەندەك قىلىپ، يەنە سۇغا چۆكۈپ كەتتى. قېيىق ئۈزلۈكسىز ئالغا كېتىپ باراتتى .بىردەمدىن كېيىن كۈن چىقتى ۋە كۈننىڭ نۇرى بوۋاينىڭ ئوڭ دولىسىغا چۈشتى.

»ئۇ شىمال تەرەپكە كېتىپ بېرىپتۇ،- دېدى بوۋاي،- دېڭىز ئېقىمى بىزنى مەڭگۈ شەرققە ئېلىپ بارىدۇ، مەن بېلىقنىڭ دېڭىز ئېقىمىنى بويلاپ مېڭىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ هال ئۇنىڭ چارچىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ« .

كۈن خېلى ئۆرلىگەن چاغدىلا بوۋاي، بېلىقنىڭ تېخى چارچىمىغانلىقىنى بىلدى، بىراق بۇ چاغدا بىر ياخشى ئەھۋالدىن بېشارەت بولدى. يەنى قارماق تانىسىنىڭ يانتۇلۇغى، بېلىقنىڭ خېلىلا تېيىز يەرگە بېرىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر بەردى .بۇ

خىل ئەھۋال بىلىنگەنلىكى ئۈچۈن، ئېھتىياتچانلىق بىلەن قارىماققا چىقىدىغانلىقى سۆزلىنىپ، ئېھتىمالى بارلىقىنى كۆرسىتەتتى.

»بولسا سەكرەپ چىقسۇن،-دېدى بوۋاي،- مەندە ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك تانا بار«.

ئۇ :قارماق تانىسىنى سەل-پەللا تارتىپ قويسام، ئۇنىڭ چىشى قېرىشىپ سەكرەپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. مانا ھازىر كۆپ-كۆندۈز بولۇپ كەتتى. چىقسىمۇ -چىقسۇن. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىچىگە ھاۋا تولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ دېڭىز ئاستىغا كىرىپ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشىمۇ ناتايىن، دەپ ئويلىدى.

ئۇ، تانىنى كۆچەپ تارتتى، بىراق تانا، بېلىق قارماققا چۈشكەندىن تا ھازىرغىچە ئوق-يانىڭ كىرىچىدەك چىڭ تارتىلىق تۇرغانلىقتىن، ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. كېيىن ئۇ تانىنى ئوڭدىسىغا يېتىپ تۇرۇپ تارتىپمۇ قىمىرلىتالمىدى.

ئـۇ: ئەمــدى تــاننى قوپــاللىق بــىلەن تارتســام بولمايــدۇ، ئەگەر كـۈچەپ بــىر تارتسـام، بېلىقنىـڭ قارماققــا ئىلىنغــان ئــاغزى كەڭرــپ كېتــدۇ ـ دە، مۇبــادە ئـۇ راســتتىن سـەكرەپ چىقىــدىغان بولســا، قارمــاق ئۇنىڭــدىن ئــاجراپ كېتىشــى مــۇمكىن . چــاتىغىم نــېمە؟ كــۈن تېخــى كــۆزنى چــاقىقۇدەك ئەمەس، كـۈنگە تىكىلىـپ قارىمسـاملا بولمىــدىمۇ، دەپ .ويلىدى.

قارمــاق تانســـىغا ســېرىق رەڭلىــك دېڭــز يۇســۇنلىرى چىرمىشــىپ كەتــكەن ئىــدى. بــوۋاي بــۇ نەرســـــلەرنىڭ بېلىقنـــــى ئـــۆزىگە ئىلنۇشـــتۇرۇپ كېلىــدىغانلىقىنى بىلگەنلىكــتىن، ناهــايىتى خۇشــال بولدى، بۇ خىل قىلسىمان يۇسـۇنلار قـاراڭغۇ تۈنــدە كۆپلەپ فوسفور نۇرى تارقىتاتتى.

»بېلــق، ئەي بېلــق، مەن ســېنى ياخشــى كــۆرىمەن، ســېنى تولىمــۇ هــۆرمەتلەيمەن، بــىراق

بۆگۈن سېنى ئۆلتۈرمەي قويمايمەن" -دېدى بوۋاي ۋە : ئاشۇنداق قىلالارمەنمۇ؟ دەپ ئويلىدى.

كىچىك بىر قۇش شىمال تەرەپتىن قېيىق تامان ئۇچۇپ كەلدى. ئۇ سۇ يۈزىنى بويلاپ پەس ئۇچاتتى. بوۋاي ئۇنىڭ تازا چارچاپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى.

قۇش، قېيىقنىڭ تۇمشۇقى ئۈستىگە كەلگەندە، سەل توختىۋالدى -دە، كېيىن يەنە قوزغىلىپ بوۋاينىڭ ئۈستىدە بىر پەس ئايلىنىپ يۈردى، ئاخىر قارماق تانىسىنىڭ ئۈستىگە لەپپىدە قوندى.

«نەچچە ياشقا كىردىڭ، تۇنجى قېتىم يىراققا سەپەر قىلىشىڭ ئوخشىمامدۇ؟» - دەپ سورىدى بوۋاي، قۇشتىن.

ئۇ گەپ قىلىۋاتقاندا، قۇش ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇردى. قۇش بەك ھېرىپ كەتكەنلىكتىن،

تانىنىـــــڭ چىـــڭ تۇرغـــــان -تۇرمىغـــــانلىقىغىمۇ قارىماستىن قونۇۋەرگەن ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ كىچىك پـۇتلىرى بىلـەن تـاننى قامـاپ، تانـا ئۆسـتىدە ئىغاڭلاپ تۇراتتى.

»تانـا چىـڭ،- دېـدى بـوۋاي، قۇشـقا،- ئىنتايىن چىڭ، ئاخشام شامال چىقمىغان تۇرسا نېمانچە چارچاپ كەتتىڭ؟ قىزىق ئىش، قۇشلار نېمشقا شۇنچە قوتقۇنچاقمۇ« .

ئاندىن ئۇ: سانىڭ دېڭىز ئۆستىگە كېلىپ ئـۇلارنى ئىزلەيدىغانلىقىـدىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىـدى. لېكىن بـۇ ئـوينى قۇشـقا ئېيتمىـدى، چـۈنكى قـۇش، بەرىبىـر ئۇنىـڭ گېپىنـى ئۇقمايتتى، ئۇنىڭ ئۆستىگە قۇشمۇ بىردەمـدىن كېيىنلا سانىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ يېتەتتى.

»بىردەم ئوبدان ئارام ئالغىن قۇشچاق،- دېدى ئۇ، -ئاندىن ئۆزەڭگە كېلىدىغان پۇرسەتنى

سناپ كۆر، ئادەم، قۇش، ببلق هەممسلا ئاشۇنداق ئەمەسمۇ؟«

بوۋاينىڭ كبچچه ئۇمۇرتقلرى ئۇيۇشۇپ، شۇ تاپتا خبلى بەك ئاغرىۋاتقانلقتن، سۆزلگەنسبرى هاياجانلنپ كبتىۋاتاتتى.

»قۇشقاچ مۇبادا، خالساڭ مبنىڭ كەپەمدە تۇرغن،- دبدى ئۇ يەنە،-سبنىڭ ئالدىڭدا خجالەتمەن، چۈنكى هازىرقدەك سەلكن شامال چىقىۋاتقان چاغدا يەلكەننى چىقرىپ، سبنى پانايمغا ئبلىپ كەپەمگە ئبلىپ كبتشكە ئامالسز قبلىۋاتمەن، ئاخر، ماڭا بللە تۇرىدىغان بىر دوست بەكمۇ زۆرۈر-دە«!

دەل شۇ پەيتتە، هبلقى چوڭ ببلق توساتتن تاننى كۈچەپ سىلكىگەنلكتن قبيىق قاتتىق تەۋرەپ كەتتى، بوۋاي، قبيىقنىڭ ئوڭ تەرپىگە يىقلىپ چۈشتى، شۇ تاپتا ئۇ تىرەجەپ

تـۇرۇپ، تـانىنى ئۈزارتــپ بەرمگىنــدە، دېڭىزغـا چۈشۈپ كەتكەنمۇ بولاتتى.

تانا قاتتىق تارتىلغاندا قۇش ئۇچۇپ كەتتـى، بىراق بوۋاينـڭ هـازىر ئۇنىڭغـا قاراشقا چولىسىمۇ يەتمەيتتى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تـۇرۇپ، ئـوڭ قـولى بىلـەن قارمـاق تانىسـنى تارتىۋـدى، قولىـدىن قـان ئېقىۋاتقانلىقنى كۆردى.

»بىر نەرسـە ئۇنىـڭ چىشـىغا تېگـىپ قويـدى بولغاي »-دېدى بوۋاي ئۆنلۈك ئاۋازدا .ئـۇ، تـانىنى تارتىۋېتــپ، بېلىقنــى باشــقا تەرەپــكە بــۇرىغىلى بولىــدىغان -بولمايــدىغانلىقىنى ســىناپ كــۆردى. لېكىن ئۇ، تانىنى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك چىڭ تارتـپ بولغاندىن كېيىن قىمىر قىلماي ئارقىسىغا تىرەجەپ تۇرۇپ، تانىنىڭ تارتىلىش كۈچىگە تاقابىل تۇردى.

»بىلىق، سەنمۇ ھازىر قىينىلىۋاتىسەن،- دېدى ئۇ،- راستىنى ئېيتسام، مەنمۇ ناھايىتى قىينىلىۋاتىمەن«.

ئۇ، قۇشنىڭ ئۆزىگە ھەمرا بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغانلىقتىن، ئەتراپقا سەپسېلىپ ئۇنى ئىزلىدى، بىراق قۇش ئاللىبۇرۇن ئۇچۇپ كەتكەن ئىدى.

سەن بۇ يەردە ئۇزاق تۇرمايلا كېتىپ قالدىڭ،- دەپ ئەلەم بىلەن ئويلىدى بوۋاي، - ھالبۇكى سەن قىرغاقتا يېتەي دېگەندە، قاتتىق بوران، دەھشەتلىك دولقۇنلار پەيدا بولىدۇ. نېمىقمۇ بېلىقنى كۈچەپ تارتىمەن دەپ قولۇمنى يېغىر قىلىۋالغاندىمەن. بەك دۆت ئىكەنمەن. ئېھتىمال ئاشۇ قۇش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، شۇنىلا ئويلىغانلىقىمدىن شۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى ئۆز ئىشىمغا پەخەس بولاي، بىر ئازدىن

كېيىن توڭگۈل بېلىقنى يەۋالسام بۇنچىمۇ ھالسىراپ كەتمەسمەن.

«بالا بۇ يەردە بولسا ئەجەپ ياخشى بولاتتى-ھە، مانا شۇ تاپتا ئازراق تۇز بولغان بولسا...» دېدى ئۇ يەنە. ئۇ، قارماق تانىسىنى سول مۈرىسىگە يۆتكىدى ۋە پەم بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قولىنى دېڭىز سۈيىدە يۇيدى ۋە قولى سۇدا تۇرغان بىر مىنۇتچە ئارىلىقتا، دېڭىز سۈيىگە ئارىلىشىپ ئېقىۋاتقان قانغا ھەم قېيىققا ئەگىشىپ ئېقىۋاتقان دېڭىز سۈيىنىڭ قولىنى چايقاپ ئۆتۈۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇردى.

«ئۇ خېلىلا ئاستىلاپ قاپتۇ»-دېدى بوۋاي.

ئۇ قولىنى دېڭىز سۈيىگە ئۇزۇنراق تۇرۇشنى بەكمۇ خالايتتى. بىراق بېلىقنىڭ قېيىقنى يەنە سىلكىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئورنىدىن دەس تۇردى -دە، گەۋدىسىنى كېرىپ، قولىنى ئېگىز

كۆتۈرۈپ، ئاپتاپتا قۇرۇتتى. ئۇ، ئىش قىلغاندا قوللىرىنىڭ بىھۇدە يارا بولۇپ كېتىشىنى خالىمايتتى. ئەپسۇسكى، قولىنىڭ قارماق تانىسى كېسىۋەتكەن يېرى تولا ئىشلەيدىغان يەر ئىدى.

»بولدىلا،- دېدى ئۇ قولىنى قۇرۇتۇۋېتىپ،- ئەمدى توڭگۇل بېلىقنى يېمىسەم بولمىدى. ئۇنى قارماقتا ئىلىپ كېلىپ، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تازا ھۇزۇرلىنىپ يەۋالاي.«

ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قېيىقنىڭ تۇمشۇغىدىكى توڭگۇل بېلىقنى قارماقتا ئىلدى-دە، ئۇنى ئېھتىيات بىلەن يۆگەكلىك قارماق تانىسىغا تەككۈزمەي، يېنىغا ئېلىپ كەلدى ۋە مۈرىسىدىكى تانىنى سول قولى بىلەن كۆچەپ تارتىپ تۇرۇپ، توڭگۇل بېلىقنى قارماقتىن چىقىرىۋېلىپ، قارماقنى يەنە ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويدى. ئاندىن توق قىزىل رەڭلىك بېلىقنى تىزىغا

قويۇپ تۇرۇپ، بېشىدىن تارتىپ تاكى قۇيرۇقىغىچە شىنا شەكلىدە ئالتە پارچە قىلىپ كەسكەندىن كېيىن، ئۇلارنى قېيىقنىڭ بېشى تەرەپتىكى تاختايغا قويدى، ئۇستىخانلىرىنى بولسا سۇغا تاشلىۋەتتى.

»قارىغاندا، بىر تال بېلىقنى تۆگەپ يەپ بولالمىغۇدەكمەن » -ئۇ سۆزلىگەچ پىچىغىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، بىر پارچە بېلىق گۆشىنى يەنە پارچىلىدى ۋە قارماق تانىسىنى تارتىۋىدى، پەقەت قىمىرلىمىدى، چۈنكى توساتتىن سول قولىنىڭ پېيى تارتىشىپ قالغان ئىدى، شۇ تاپتا ئۇ، تانىغا مەھكەم چاپلىشىپ قالغان سول قولىغا كەمسىتىش نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ غۇدۇڭشىدى:

»بۇنى قانداقمۇ قول دېگىلى بولسۇن، پېيىڭ تارتىشسا تارتىشۋەرسۇن، قۇشلارنىڭ تىرنىقىغا

ئايلىنىپ كەت، بۇنىڭ ساۋا ھېچبىر پايدىسى يوق".

تېزرەك بولاي،- دەپ ئويلىدى. ئۇ يەنە ۋە قاپ-قاراڭغۇ سۇ ئىچىدە قىيپاش سوزۇلۇپ ياتقان تانىغا قاراپ قويدى،- بۇنى تېزرەك يەۋەتسەم، قولۇمغا جان كىرىپ قالار، بۇ قولۇمدىن ئاغرىنسامۇ بولماس. چۈنكى چوڭ بېلىق بىلەن ھەپىلىشىۋاتقىنىمغا نەچچە سائەت بولۇپ قالدى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئەبىدىل-ئەبەت ھەپىلىشىدىغان گەپ. توڭگۇل بېلىقنى تېزرەك يەۋېتەي.

ئۇ بېلىق گۆشىدىن بىر پارچىنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى ۋە ئېرىنچەكلىك بىلەن چايناپ يۇتۇۋەتتى. گۆشىنىڭ تەمى خېلى يامان ئەمەس ئىدى.

ئوبدان چايناپ، شىرنىسى بىلەن قوشۇپ يەۋالاي. ئەگەر لىمون بىلەن قوشۇپ يېگەن بولسام، يا بولمىسا تۇز سېپىپ يېگەن بولسام تېخىمۇ پەيزى بولاتتى،- دەپ ئويلىدى ئۇ.

« قولۇم، قانداقراق تۇرىسەن،- دەپ سورىدى ئۇ ئۆلۈكنىڭ قولىغا ئوخشاش ياغاچتەك قېتىپ تۇرغان قولىغا قاراپ،- مەن سېنى دەپلا كۆپرەك يەۋاتىمەن« .

ئۇ يەنە بىر پارچە گۆشنىمۇ يۇمشاق چايناپ يۇتۇۋېتىپ، قاسىرىغىنى پۈركۈۋەتتى.

« قانداقراق، قولۇم؟ يەنىلا بىر نەرسىنى سەزمەيۋاتامسەن؟«

ئۇ يەنە پۈتۈن بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ چاينىغىلى تۇردى.

بۇ ھەم قېنى كۆپ، ھەم سېمىز بېلىق ئىكەن،- دەپ ئويلىدى ئۇ،- ھەر نېمە بولسا تەلىيىم كېلىپ بۇنى تۇتۇۋالغان ئىكەنمەن. بىراق بۇ يۇنۇس بېلىقى ئەمەس ئىكەن. يۇنۇس بېلىقى بولغان بولسا قالتىس ياخشى بولاتتى. بۇ بېلىق گالدىن ئاسان ئۆتمەيدىكەن ئەمەسمۇ، ھەر ھالدا ئۇنى يېگەندىن كېيىن، ئادەمگە جان كىرىپ قالىدۇ -دە!...ئەسلى گەپكە كەلسەك، كەچكىچە ئۆز نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ يۈرگەنىنىڭ پايدىسى يوق. بىر ئاز تۇز بولغان بولسا كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولاتتى. ئېشىپ قالغان گۆشلەر ئاپتاپتا بۇزۇلۇپ قالارمۇ؟ مانا ئەمدى قورسىقىمۇ تويىاي دەپ قالدى، بىراق بۇ گۆشنى ئاپتاپقا قاقلاپ قويغاندىن كۆرە، ھەممىسىنى يەۋېتەي. ئاۋۇ بېلىق، شۇ تاپتا بىمالال ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. مەن ھەممە گۆشنى پاك-پاكىز يەپ مادار توپلاپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشەي.

"   قولۇم، چىداپ تۇرغىن،-دېدى ئۇ،- مەن مۇشۇ گۆشنى سېنى دەپلا يەۋاتىمەن« !

ئۇ: مەن ئۇ بېلىققىمۇ ئامال قىلىپ بىر نەرسە بېرىشنى خالايمەن، ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم، بىراق مەن ئۇنى ئۆلتۈرمەي قويمايمەن، ئۆلتۈرگەندىمۇ كۈچۈم بىلەن ئۆلتۈرىمەن، دەپ ئويلىدى ۋە شىنا شەكلىدە توغرالغان بېلىق گۆشلىرىنىڭ ھەممىسىنى، ئالدىرىماي-تېنىمەي خاتىرجەم ھالدا يەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، بېلىنى رۇسلاپ، قولىنى ئىشتىنىغا سۈرتىۋەتتى.

»   ھەي قولۇم،- دەپ چاقىردى ئۇ،-تانا بىلەن چاتىغىڭ بولمىسۇن، پېيىڭ يەنە تارتىشىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنىڭغا ئوڭ قولۇم بىلەنمۇ تاقابىل تۇرالايمەن، «

ئۇ سول قولىنى تالدۇرۇپ تۇرغان تانىنى، سول پۇتى بىلەن دەسسەپ تۇرۇپ، ئارقىسىغا

تــــرەجەپ، تاننىــــڭ دۆمبىســــگە چۈشـــدىغان سالمىقىنى يېنىكلەتتى.

» خــۇدا ماڭــا يــاردەم قىلغــن، پېيــى تارتىشــپ قالغـان قولـۇمنى ئوڭشـاپ قـويغىن، - دېـــدى ئـــۇ،- بېلىقنىـــڭ يەنە نـــېمە هـــۆنەرلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىزمەن« .

بېلىــق قىلـچە هودۇقماســتىن ئـۆز پىلانــى بــويىچە هەرىـــكەت قىلىۋاتـــدۇ،-دەپ خيـــالىنى داۋاملاشــتۇردى ئــۇ،- ئۇنىــڭ پىلانــى نېمىــدۇ؟ مەن نېمىنــى پىلانلاۋاتـــمەن! ئــۇ بەك يوغــان بــېلىقكەن، شــۇڭا، مەنمــۇ ئېنىــق بىــر پىــلان تــۈزۈپ، ئۇنىــڭ پىلانىغــا تاقابىــل تۇرۇشــۇم كېــرەك. ئــۇ ســەكرەپ چىقســغۇ ئەپچــل بــاپلايتتىم. بىــراق ئەهۋالــدىن قارىغانــدا، ئــۇ مۇشــۇنداق كېتىۋەرگــۈدەك، مــاڭمۇ مەڭگــۈ ئۇنىڭغــا ئەگىشــپ يۈرۈشــتىن ئــۆزگە ۋارە قالمىدى.

ئۇ، پېيى تارتىشىپ قالغان قولنى ئىشتىنىغا سۈركەش ئارقىلىق ھەرىكەتكە كەلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قولى يەنىلا ئېچىلمىدى. قولۇم كۆ چىققاندا ئېچىلار، توۋگۇل بېلىقنى ھەزىم قىلىپ بولغىنىمدا ئېچىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر زادىلا ئېچىلمىسا ھەر نېمە قىلىپمۇ ئاچىمەن،- دەپ ئويلىدى ئۇ،- بىراق ھازىر زورلاپ ئاچسام بولمايدۇ، ئۆزى ئېچىلىپ قالار .ئۆزى خالىغاندا ياخشىلىنىپ قالار، گەپنىڭ قىسقىسى، كېچە، قارماق تانىلىرىنى يېشىپ بىر بىرىگە چاتىدىغان چاغدا ئۇنى بەك ئىشلىتىپ كېتىپتىمەن.

ئۇ، دېڭىزغا نەزەر تاشلاپ، شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ نەقەدەر يەككە- يېگانە ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە قاپ -قاراڭغۇ چوڭقۇر سۇ ئىچىدىن چاقنىغان نۇرلارنى، ئالدى تەرىپىدە يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان قارماق تانىسىنى،

شۇنداقلا، تىنچ دېڭىز سۈيىدىكى غەلىتە داۋالغۇشنى كۆردى. شۇ تاپتا بۇلۇتلار توپلىنىپ، موسسۇن شاملىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ ئالدى تەرىپىدىكى سۇ يۈزىنى بويلاپ، بوشلىقتا ھۆسۈن قوشقان ھالدا ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئۆردەكنى كۆرۈپ، دېڭىزغا ھەرگىز يالغۇز چىقماسلىق كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. تاۋا ئۆردەكلەر دەم كۆزدىن غايىب بولۇپ، دەم پەيدا بولاتتى.

ئۇ : بەزىلەر قېيىقتا ئولتۇرۇپ، دېڭىزنىڭ قۇرۇقلۇقنى كۆرگىلى بولمايدىغان جايلىرىغا بېرىشتىن قورقىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاۋا ھامان تۈيۇقسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان ئايلاردا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. بوران چىقمايدىغان چاغلاردىكى ھاۋارايى، شۇ يىل ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. قارا بوران يېتىپ كېلەي دېگەن مەزگىلدە دېڭىزدا بولساڭ، ئۇنىڭ

ئـــالامەتلىرىنى بىـــر نەچـــچە كـــۈن بـــۇرۇن كۆرۈۋاللايســەن. ئـۇ كشـلەرگە نـېمىگە دىقـقەت قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمىگەچكە، قىرغاقتا تـۇرۇپ ھېچنىمىنــى كۆرەلمەيــدۇ. قۇرۇقلـۇق، بۇلۇتلارنىـڭ شـەكلىگە نىسـبەتەنمۇ مەلـۇم تەسـىر كۆرسـتىدۇ. بىراق، ھازىر قارا بوران چىقمايدۇ، دەپ ئويلىدى.

ئۇ، سېنتەبىر ئاسمىنىغا سىنچىلاپ قارىدى، تۆۋەن تەرەپتە خۇددى ئۆستى-ئۆستىگە پەم بىلەن قونــدۇرۇلغان مـــاروژنىلاردەك ئاپپـــاق بۇلـــۇت تويلىرى، تۆۋەن تەرەپـتە پەيـگە ئوخشـاش پـارچە-پارچە بۇلۇتلار ئۆزۈپ يۈرەتتى.

« سەلكىن شامال،-دېدى ئۇ،- ھەي بېلىق، بۇنداق ھاۋارايى ساڭا قدرىغاندا ماڭـا پايـدىلىق،- تــېخچە پېيــى تارتىشــىپ تۇرغــان ســول قــولىنى ئاستا-ئاستا ئاچتى،- پەي تارتىشـشـنى بەك ئـۆچ كۆرىمەن. بۇ قاراپ تۇرۇپ ئۆز جىسمىغا ئاسيلىق

قىلغانلىق. چىرىپ قالغان سەيلەرنى يەپ دېلىپ دېزىنتىرىيە بولۇپ قالسا ياكى قۇسۇۋەتسە، خەقلەرنىڭ ئالدىدا يۈزى چۈشىدىغان گەپ. پەي تارتىشىپ قالسىچۇ؟ بۇ ئۆزىنىڭ يۈزىنى ئۆزى تۆككەنلىك، بولۇپمۇ تىكەندەك يالغۇز قالغان چاغلاردا» .

ھەي، شۇ تاپتا بالا بۇ يەردە بولىدىغان بولسا، قولۇمنى ئۇۋۇلاپ ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ قويغان بولاتتى، دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە تاننى ئوڭ قولى بىلەن تارتىپ كۆرۈپ، بىر ئاز بوشاپ قالغىنىنى سەزدى. شۇ ئەسنادا تاننىڭ سۇدىكى قىيپاشلىق ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ، ئېڭىشىپ تۇرۇپ تاننى بېسىپ باققاندىن كېيىن، سول قولى بىلەن پاقالچىقىغا شاپىلاقلاۋاتقاندا، تانا سۇ يۈزىگە ئۆرلەۋاتقاندەك كۆرۈندى.

»  تانا سۇ يۈزىگە چىقىۋاتىدۇ،-دېدى ئۇ، - تېزرەك چىقىدى، قولۇم، ئۇڭشالساڭچۇ« !

تانا ئاستا-ئاستا سۇ يۈزىگە ئۆرلىمەكتە ئىدى، بىردەمدىن كېيىن قېيىقنىڭ ئالدىدىكى سۇ يۈزى كۆتىرىلگەندەك بولدى -دە، ئارقىدىنلا بېلىق كۆرۈندى. ئۇ، سۇنى يېرىپ، بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەيتتى. ئۇنىڭ بەدىنى ئاپئاپتا پاقىراپ تۇراتتى، بېشى ۋە دۈمبىسى قېنىق بىنەپشە رەڭلىك بولۇپ، بېقىنلىرىدىكى ياپراقچىلار كۈن نۇرىدا سۇس بىنەپشە رەڭ كۆرۈنەتتى. تۇمشۇغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى گويا لېيچۇر كالتىكىگە، ئۇچلۇقلىقى قىلىچقا ئوخشايتتى. ئۇ، سۇدىن چىقىپ، ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇپلا، بەئەينى غەۋۋاسلاردەك غىپلا قىلىپ يەنە سۇ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بىراق ئۇنىڭ ئورغاقتەك ئۇزۇن قۇيرۇقى يەنىلا سۇ يۈزىدە تۇراتتى. تانىمۇ ناھايىتى تېز سىرىلىپ چۇشۇۋاتاتتى.

» قېيىقتىنمۇ ئىككى فوت ئۈزۈندەك قىلدۇ» -دېدى بوۋاي. تانا تېز ئەمما رېتىملىق سىيرىلىپ چۈشۈۋاتاتتى، بېلىق بولسا قىلچە ئۈركۈمەيتتى. بېلىقنىڭ تانىنى ئۈزۈۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، بوۋاي تانىغا ئىككى قوللاپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېسىلۋالغان ئىدى. ئەگەرت تانىنى كۈچەپ تارتىپ، بېلىقنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتمىغاندا، بېلىقنىڭ تانىنى پۈتۈنلەي تارتىپ كېتىپ، ئۈزۈۋېتىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

» مەن ۋۇ چوڭ بېلىقنى بوي سۇندۇرماي قويمايمەن. ئۇنىڭغا قانچىلىك كۈچى بارلىقىنى، قانداق قىلىپ قولۇمدىن چىقىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ھەرگىز بىلدۈرمەسلىكىم كېرەك. مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولسام، يا كۈچۈم بىلەن تانىنى ئۈزۈۋەتمەي قويمايتتىم.ھەر نېمە بولسا خۇداغا شۈكرى، گەرچە ئۇلار ئادەملاردىن بەكرەك ئالىيجاناب، كۈچلۈك بولسىمۇ، بىراق ئۆزلىرىنى

ئۆلتۈرىدىغان ئادەملەرگىمۇ ئوخشاش ئەقىللىق ئەمەس،-دەپ ئويلىدى ئۇ.

بۇۋاي نۇرغۇن چوڭ بېلىقلارنى كۆرگەن ئىدى. ھەتتا ئېغىرلىقى مىڭ قاداقتىن ئارتۇق كېلىدىغان بېلىقلارنىمۇ كۆرگەن، ئىلگىرى تېخى شۇنداق بېلىقلاردىن ئىككىسىنى تۇتقان ئىدى، بىراق، ئۇ چاغدا يالغۇز ئەمەس ئىدى. ھازىر بولسا ئۆزى يالغۇز، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇقلۇقنى كۆرەلمىگۈدەك يىراق بىر يەرگە كېلىپ قالدى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا دۈچ كەلگىنى، ئىلگىرى ئۇ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ھەر قانداقى بېلىقلاردىنمۇ چوڭ بېلىق ئىدى. بۇنى ئاز دەپ ئۇنىڭ سول قولى بىر -بىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان سانىڭ تىرناقلىرىدەك ئۈيۈشۈپ قالدى.

پېيى تارتىشىپ قالغان سول قولۇم جەزمەن ئوڭلىنىپ ئوڭ قولۇمغا ياردەملىشىدۇ.

مەن، بېلىق ۋە مېنىڭ ئىككى قولۇم -ئۈچ نەرسە يېقىن قېرىنداشلارمىز. پېيى تارتىشىپ قالغان قولۇم، چوقۇم ئوڭلىنىپ قالىدۇ. ئەسلى ئۇنىڭ پېيى تارتىشىپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى. ھەي...بېلىق يەنە ئاستىلاپ قالدى، ئۇ ئادەتتىكى سۈرئەت بىلەن كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ نېمىشقا سەكرەپ چىققانلىقىنى بىلەلمىدىم. بەلكىم ئۆزىنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن سەكرەپ چىققاندۇ. ئەمدى ئۇقتۇم، مەنمۇ ئۆزەمنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويغۇچىلىقىم بار" بىراق ئۇنداقتا ئۇ پېيى تارتىشىپ قالغان قولۇمنى كۆرۈۋالىدۇ. مەن ئۆزەمنى ئۇنىڭغا ھازىرقىدىنمۇ قاۋۇلراق. پالۋان قىلىپ كۆرسىتىشىم كېرەك. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاشۇنداق بولالايمەن. مەن ئاشۇ بېلىقنىڭ بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، مېنىڭ شىجائىتىم ۋە

ئەقىل-پاراسىتىمگە قارشىلىق كۆرسىتىشنى ئۆمىد قىلمەن.

ئۇ، بەدەنىنىڭ سىقىراپ ئاغرىۋاتقانلىقىنىغا چىداپ، تاختايغا يۆلىنىپ ئارامخۇدا ئولتۇردى. بىلىق، ھولۇقماستىن ئالغا قاراپ ئۆزەتتى. قېيىق بولسا قاراڭغۇ سۇ ئىچىدە ئاستا كېتىپ باراتتى. شەرقتىن مەيىن شامال چىقىش بىلەن تەڭ، سۇ ئۆستىدە بىلىنەر-بىلىنمەس دولقۇن پەيدا بولدى. چۆش مەزگىلىدە بوۋاينىڭ پېيى تارتىشىپ قالغان سول قولمۇ ئوڭلاندى.

» بىلىق، بۇ ساڭا ئېيتىدىغان شۇم خەۋەر « -دېدى ئۇ شاتلىنىپ ۋە دولىسىدىكى قارماق تانىسىنىڭ ئورنىنى يەڭگۆشلىۋالدى.

ئۇ ئەمدى ئۆزىنى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى، ئەمەلىيەتتە بولسا، يەنىلا ئازابلىنىۋاتاتتى، بىراق ئۇ، ئۆزىنىڭ

ئازابپلنۋاتقــانلقنى ئەســلا ئېتــراپ قلغۇســى كەلمەيۋاتاتتى.

» مەن خۇراپاتلىققا ئىشەنمەيمەن،- دېدى ئۇ،- بىراق، بېلىق تۇتالىسام ئۇن قېتىملاپ (بەخت -سائادەتلك مەريەم) دېگەن بولاتتىم . شۇنداق ۋەدە قىلىمەنكى، ئەگەر ئاشۇ بېلىقنى قولغا چۈشۈرەلىسەم، مەريەم ئانىغا سەجدە قىلغان بولاتتىم، بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم« .

ئاندىن ئۇ قېتىپ تۇرۇپ، دۇئا-تىلاۋەت قىلىشقا كىرىشتى. بەزىدە بەك چارچاپ كېتىپ ئايەتلەرنى ئېسىگە ئالالمىسا، توختاپ تۇرماستىن تېز-تېز ئوقۇۋېرەتتى.

بەخت-سائادەتلىك مەريەم ئانا دېيىش. بىز -ئاللانىڭ بەندىسى دېيىشتىن ئاسانراقكەن، دەپ ئويلىدى ئۇ.

« خەير ـساخاۋەتلىك مەريەم ئانا، سىز ئاللا بىلەن بىللە تۇرىسىز، سىز ئاياللار ئىچىدىكى تەلەيلىك ئايال، سىزنىڭ ئوغلىڭىز ئەيسامۇ شۇنداق تەلەيلىك، پاك-دىيانەتلىك مەريەم ئانا، ناۋادا ھازىر بىز ئۆلمەكچى بولساق، بىزنىڭ ئورنىمىزغا گۇناسى بار ئادەملەرنى تۇتۇپ بېرىشىڭىزنى تىلەيمەن، ئامىن، !-دېدى ئۇ ۋە يەنە،-خەير-ساخاۋەتلىك مەريەم ئانا، ئاشۇ بېلىق ھەر قانچە يامان بولسىمۇ، ئۇنىڭ جېنىنى ئالسىڭىز » - دېگەن گەپلەرنى قوشۇپ قويدى.

ئۇ، دۇئا-تەلەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كۆڭلى ئېچىلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. بىراق ئۇنىڭ تېنى بۇرۇنقىدەكلا ئازابلىناتتى، بەلكى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئازابلىناتتى. ئۇ، قېيىقنىڭ باش تەرىپىدىكى تاختايغا يۆلەنگىنىچە سول قولىنىڭ بارماقلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە باشلىدى.

گەرچە شامال چىقىۋاتقان بولسىمۇ، كۈن تازا قىزىپ كەتكەن ئىدى.

» ئەڭ ياخشىسى، كىچىك قارماق تانىسىغا باشقىدىن بېلىق يېمى قويىيۇپ، قېيىقنىڭ تۇمشۇقىدىن سۇغا چۈشۈرەي،- دېدى ئۇ،- ئەگەر بېلىق يەنە بىر ئاخشام مۇشۇنداق كېتۋېرىشنى قارار قىلغان بولسا، مەن بىر ئاز نەرسە يەۋالمىسام بولمايدۇ، بىراق، بوتۇلكىدىكى سۇ ئاز قاپتۇ، ئويلىسام، مەن بۇ يەردە بىر تال يۇنۇس بېلىقىدىن باشقا بىر نەرسىگە ئىگە بولالمىغۇدەكمەن. مانا هازىر ئۇنى يېڭى ۋاقتىدىلا يەۋالسام تازا لەززەتلەنگەن بولاتتىم. بۈگۈن ئاخشام بىر تال ئۇچار بېلىقنىڭ قېيىقىمغا سەكرەپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىراق، مەندە بېلىقلارنى جەلپ قىلدىغان چىراق يوق. ئۇچار بېلىقلارنى تىرىك يېسە بەك تەملىك، ئۇنى پارچىلاپ ئولتۇرۇشمۇ كەتمەيدۇ. مەن ئەمدى كۈچۈمنى بىر ئاز

ئاسىرىمسسام بولمايدۇ. مەن ئۇ بىلىقنىڭ بۇنچە چوڭلۇقنى ئويلىماپتىمەن .لېكىن ئۇ قانچە چوڭ، قانچە يامان بولسىمۇ، بەرىبىر ئۆلتۈرمەي قويمايمەن« !

ئاندىن ئۇ: بۇنداق قىلىش گەرچە قارا يۈرەكلىك بولسىمۇ، لېكىن بىر ئادەمنىڭ قانداق ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى، قانداق ئىشلارغا چىداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويۇشۇم كېرەك-دە » دەپ ئۆزىگە تەسەللىي بەردى.

» مەن بالىغا ئۆزۈمنى غەلىتە قېرى، دېگەن ئىدىم، - دېدى ئۇ،- بۈگۈن شۇ سۆزۈمنى ئىسپاتلىشىم كېرەك« .

لېكىن، ئۇ ئىسپاتلايمەن دېگەن ئىشلارنىڭ كۆرمىگى قۇرۇق گەپ بولۇپ چىققان بولسىمۇ، شۇ تاپتا يەنە ئىسپاتلىماقچى بولۇۋاتاتتى.

ئـۇ: مەن ئۇنـــڭ ئۇخلشــنى ئۈمــد قلــمەن، ئـۇ ئۇخلسـا مەنمـۇ ئۇخليـالايمەن ۋە چۈشۈمدە شرنى كۆرەلەيمەن. شر نېمشقا مېنڭ كاللامـدا قېپقالغـان ئاساسـلق نەرسـدۇ؟ - دەپ ئويلــدى ۋە ئــۆز-ئــۆزنگە پچرلــدى: « قېــرى، بولدى ئويلمايلا قوي. قېيققا يۆلنـپ ئـارام ئـال، هېچنمنــى ئويلمــا. بېلــق هــازىر تــازا كــۈچەپ ئشـلەۋاتىدۇ. سـەن كۈچـۈڭنى قـانچە ئاسرسـاڭ شۇنچە ياخشى«...

كۈن چۈشتىن ئىگىلگەن چاغ ئىدى، قېيـق بۇرۇنقـدەكلا توختماسـتن ئاسـتا-ئاسـتا كېتـپ باراتتى. شەرق شـاملى قېيقنـڭ ئالغـا مېڭشـغا توسـقۇن بولۇۋاتــاتتى. بــوۋاي ئــۆزنى ۋە قېيقنــى، لەرزان ئېلـــپ كېتۋاتقـــان كىچـــك دولقۇننـــڭ مەيلــگە قويــۇۋەتكەن ئــدى، ئۇنــڭ دولســنى بېســپ تۇرغـــان تانـــا، بۇرۇنقـــدىن يۇمشـــاپ

قالغاندەك تۈيۇلدى ۋە سەل-پەل پەسكە سىرىلدى.

چۈشتىن كېيىن تانا، يەنە بىر قېتىم سۇ ئۈستىگە ئۆرلىدى. بىراق، بېلىق ئازراق كۆتىرىلگەندەك قىلدى-يۇ، يەنە ئالغا كېتىۋەردى. كۈن نۇرى، بوۋاينىڭ سول بىلىگى، دولىسى ۋە دۈمبىسىنى قىزىتماقتا ئىدى. شۇ تاپتا، بوۋاي، بېلىقنىڭ شەرقىي شىمال تەرەپكە بۇرۇلغىنىنى بايقىدى.

بوۋاي، بېلىقنى بىر قېتىم كۆرگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ سۇ ئىچىدە قاياقتا قاراپ ھەرىكەتلەنمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلەيتتى. بېلىق، سۆسۈن رەڭلىك ئۈزگۈچ قانىتىنى بولۇشىغا كېرىۋېلىپ، قۇيرۇقىنى دىڭگايتقان ھالدا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كېتىپ باراتتى. بوۋاي : « ئۇنىڭ ئاشۇنداق چوڭقۇر سۇ ئىچىدە تۇرۇپ بىر نەرسىلەرنى

كۆرەلەيدٮغانلقى ناتايٮن. ئۇنٮڭ كۆزى ناهايٮتى چوڭ، ئاتٮنٮڭ كۆزى، ئۇنٮڭكٮدٮن كٮچٮك بولسٮمۇ، قاراڭغۇدا بٮر نەرسٮلەرنى كۆرەلەيدۇ .ئٮلگٮرى مەنمۇ قاراڭغۇدا خٮلى كۆرەلەيتتٮم.بٮراق، قاپ-قاراڭغۇ جايدٮكى نەرسٮنى كۆرەلمەيتتٮم. ئۇ كەملەردە مەن نەرسە -كٮرەكلەرنى كۆرۈشتە مۈشۈك بٮلەن بەسلٮشەلەيتتٮم، دەپ ئويلىدى.

ئۇ، كۆن نۇرٮدا بارماقلٮرٮنى هەدەپ هەرٮكەتلەندۈرەتتى، ئەمدى ئۇنٮڭ سول قولى، پٮيى تارتٮشتٮن پۈتۈنلەي قالغان ئٮدى، شۇڭا، ئۇ سول قولٮنى كۆپرەك ئٮشقا سٮلٮپ، دولسٮنٮڭ بولجۇڭ كۆشلٮرٮنى ئۇزاق ئۇۋۇلٮدى ۋە تانٮنى دولسٮنٮڭ بەك قٮسٮپ كەتكەن جايٮدٮن ئازراق يۆتكەپ قويدى.

»ھەي بېلىق، ئەگەر سەن راستتىن ھارمىغان بولساڭ، كارامەت ئىگىسى ئىكەنسەن! »-دېدى ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا.

ئۇ ئىنتايىن ھارغىنلىق ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراڭغۇ چۈشۈشكە ئاز قالغانلىقتىن، پۈتۈن زېھنى بىلەن باشقا ئىشلارنى خىيال قىلاتتى. ئۇ .لېيچۇر بىرلەشمە مۇسابىقىسىنى ئويلايتتى. چۈنكى ئۇ شۇ پەيتتە نىيۇ يوركتىكى ئامېرىكا كوماندىسىنىڭ دېترويت يولۋاس كوماندىسى بىلەن مۇسابىقە قىلۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.

» مۇسابىقە باشلانغىنىغا ئىككى كۈن بولدى، بىراق مەن مۇسابىقە ئەھۋالىدىن بىخەۋەر قالدىم. لېكىن شۇنىڭغا جەزمەن ئىشىنىشىم كېرەككى، ماجىئو،ھەرگىزمۇ بىزنى يەرگە قارىتىپ قويمايدۇ. ئۇ، ھەرقانداق ئىشنى ئەپلەشتۈرىدۇ.

ئۇنىڭ تاپىنىدىكى قاداق ھەر قانچە ئاغرىسىمۇ، پىسەنت قىلمايدۇ،- دەپ ئويلىدى ئۇ،-«قاداق » دېگەن نېمە؟ مېنىڭ بەدىنىمدە قاداق يوق. قاداق، خوراز تەپكەندەك ئاغرىتامدىغاندۇ؟ ئويلىسام مەن ئۇنىڭغا چىدىيالمىغۇدەكمەن .خئورازنىڭ بىر كۆزى، ھەتتا ھەر ئىككى كۆزى قۇيۇلۇپ كەتسىمۇ، سوقۇشۇۋېرىدىكەن. مەن ئۇنىڭغا زادىلا چىدىيالمىغۇدەكمەن. ئەمىلىيەتتە، ئادەم، ياۋايى قۇش، ياۋايى ھايۋانلاردىن ھەرگىز كۈچلۈك ئەمەس. مەن قاپ-قاراڭغۇ سۇ ئىچىدە ياشايدىغان جانلىقلاردىن بولۇشقا رازىمەن« .

» لەھەڭ كېلىپ قالمىسىلا بولاتتى... - دېدى ئۇ كانىينى قىرىپ قويۇپ، -لەھەڭ كېلىپ قالىدىغان بولسا... خۇدايا، ئۇنىڭغىمۇ، ماڭىمۇ رەھىم قىلغايسەن« !

» ماجئومۇ بىر بېلىق بىلەن ماڭا ئوخشاش شۇنچە ئۇزۇق ۋاقىت ھەپىلىشەرمۇ؟ بۇنىڭدا گەپ يوق. بەلكى ئۇ مەندىنمۇ ئۇزاقراق ھەپىلىشەلەيدۇ. چۈنكى ئۇ تېخى ياش، قاۋۇل -دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ دادىسى بېلىقچى تۇرسا، ئەمما، »قاداق« ئۇنىڭ جېنىنى بەك قاقشىتىپ كېتۋاتقانمىدۇ؟ » دېگەنلەرنى خىيال قىلدى ئۇ، ئاندىن ئادىتى بويىچە ئۈنلۈك سۆزلەشكە باشلىدى:

» قاداقنىڭ بەك ئاغرىتىدىغان -ئاغرىتمايدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن، چۈنكى مەندە ئەزەلدىن قاداق بولۇپ باققان ئەمەس« .

كۈن پاتاي دەپ قالغاندا، ئۇ ئۆزىگە ئىشەنچ تۇيلاش ئۈچۈن، كاساپلانكىدىكى بىر مەيداندا، پىرىستاندا ھامىلىق قىلىدىغان سىنفۇگۇرلۇق بىر نېگىر بىلەن قول قايرىشقانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ چاغدا، ئۇلار ئىككى جىگىنىگىنى

بـور بسـلەن سـزىپ قويۇلغـان سـزىق ئۆسـتىگە قويۇپ، بىلگىنى تىك تۇتۇپ، بىر-بىرىنىڭ قـولنى مەھـكەم سـىققان پېتـى بىـر كېچـى-كۈنـدۈزگىچە تىركەشكەن ئىدى.

هەر ئىككىسـى بىـر -بىرىنىـڭ قـولنى كۈچەپ بېسىپ شىرەگە تەككۈزۈشكە تىرىشاتتى. بىر مۇنچە كىشلەر ئۆيىگە كىرىپ-چىقىپ تـۇراتتى. بەزىلەر ئۇلارغـا دو چىقتـى. بـوۋاي، جىـن چىراقنىـڭ يورۇقـىدا هېلقـى نېگىرنىـڭ بىلكىـگە، قولىغـا ۋە يـۈزىگە زەڭ سېلىپ ئولتـۇراتتى. هەككىـز سـائەت ئۆتكەنـدىن كېيىن، هەر تـۆت سـائەتتە بىـر قېتىم ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇخلىشىغا ۋاقىت چىقىرىپ بەردى .هەر ئىككىيلەننىڭ تىرنىغىدىن قـان چىقىـپ كەتتـى. هەر ئىككىسـى بىـر- بىرىنىـڭ كـۆزىگە، قولىغـا ۋە بىلىكـگە قـارايتتى. دو چىققـان كىشـلەر ئـۆيگە قىرىـپ چىقىـپ تـۇراتتى ۋە تامغـا يـۆلەپ قويۇلغـــان ئېگىـــز ئورۇنـــدۇقتا .ولتۇرۇشـــۇپ،

ئىككيلەندىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ياغاچتىن ياسالغان تام، پارقىراق كۆك سىردا سىرلانغان ئىدى. چىراق نۇرى، ئىككيلەنىنىڭ شولىسى ئاجايىپ چوڭ كۆرۈنەتتى .شامال، چىراقنى ئىككى تەرەپكە يەلپۈگەن چاغدا، ئۇنىڭ شولىسمۇ چىراقتا ئەگىشىپ ئىككى تەرەپكە ئىغاڭلايتتى.

ئىككىلەن قوللىرىنى ئۇياق-بۇياقتا تولغىشىپ، ھېچقايسىسى باسالماي، بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى، دىپ چىققان كىشىلەر نېگىرگە تاتلىق ھاراق قۇيدى، تاماكا تۇتاشتۇرۇپ بەردى، نېگىر تاتلىق ھاراقنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، بىر قېتىم جان-جەھلى بىلەن بوۋاينىڭ قولىنى ئۈچ دىيومچە باسقان بولسىمۇ، لېكىن،  بوۋاي تىرەجەپ تۇرۇپ، قولىنى يەنە ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇپ ئاپارغان ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ قول قايرىشتا بىرىنچى قاتاردا تۇرىدىغان ماھىر نېگىرنى يېڭىشكە ئىشەنچ قىلغان ئىدى. تاڭ يورۇغاندىن كېيىن، دو چىققان كىشىلەر

" ھەر ئىككىسى تەڭ كەلگەن ھېسابلىنىسۇن» دېيىشىۋىدى، لېكىن رېپېر بېشىنى چايقاپ ئۇنىمىدى، بوۋاي بولسا بار كۈچىنى چىقىرىپ، نېگىرنىڭ قولىنى باسا- باسا ئاخىرى شىرەگە تەككۈزمىگىچە توختىمىدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقە يەكشەنبە كۈنى سەھەردە باشلىنىپ، دۈشەنبە كۈنى سەھەردە ئاياغلاشقان ئىدى. دو چىققان نۇرغۇن كىشىلەر پىرىستانىغا بېرىپ شېكەر خالتىلىرىنى توشۇيدىغانلىقىنى ياكى ھاۋانا كۆمۈر كان شىركىتىگە بېرىپ ئىشلەيدىغانلىقى ئۈچۈنلا " تەڭ كەلگەن ھېسابلىنىسۇن "دەپ تەلەپ قىلىشقان ئىدى. بولمىغاندا ھەممەيلەن قايسىسىنىڭ يېڭىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئويىدا ئىدى. ئاخىرى، دو چىققانلارنىڭ ئىشقا بېرىش ۋاقتى توشماستىنلا بوۋاينىڭ يەڭگەنلىكى ئايرىلدى.

شۇندىن كېيىن خېلى ۋاقىتلارغىچە كىشىلەر ئۇنى، باتۇر دەپ ئاتاپ يۈرۈشتى، باھاردا يەنە

ئىككىنچى قېتىم مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، پۇل تىكىشىدىغانلار ئانچە كۆپ بولمىدى. بۇ قېتىم سىنىقۇگۇرلۇق نېگىرنىڭ ئىشەنچىسى كۈچلۈك بولمىغاچقا، بوۋاي ئۇنى كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا يەڭگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە بىر نەچچە قېتىم مۇسابىقىگە چۈشكەن بولسىمۇ، كېيىنكىلى كۈنلەردە ئۇنداق ئىش بولمىدى، ۋە ئۇ : كىمدە كىم مەن بىلەن مۇسابىقە قىلىمەن دېسە ۋەتىۋەرىگىخنى چىقىرىۋېتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ قولۇم بىلەن بېلىق تۇتسام قولايسىز بولۇپ قالغۇدەك، دەپ كېسىپ ئېيتقان ئىدى. دېگەندەك، ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە سول قولى بىلەن باشقۇرۇشىغا بوي سۇنماي، ئۇنى مات قىلىپ قويغانلىقتىن، سول قولىغا ئانچە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

ئۇ : سول قولۇم ئاپتاپتا خېلى تاۋلىنىپ قالدى. كېچىچە بەك سوغاق بولۇپ كەتمىسىلا،

ئۇنىڭ پىيى تارتىشىپ قالمايدۇ. بۈگۈن كېچە يەنە نېمە ئىشلار بولاركىن-تاڭ؟ دەپ ئويلىدى.

شۇ ئەسنادا مىئامىغا بارىدىغان بىر ئايىروپىلان ئۇنىڭ بېشىنى سىپاپ دېگەندەك ئۇچۇپ ئۆتتى. ئايىروپىلاننىڭ شولىسىدىن قورققان توپ-توپ ئۇچار بېلىقلار ئۇچۇپ چىقىشتى.

« مۇنچە كۆپ ئۇچار بېلىقلار بار يەردە جەزمەن يۇنۇس بېلىقلىرىمۇ بار- » دېدى ئۇ ۋە قارماق تانىسىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، تانىنى ئالدىغا ئازراق تارتقىلى بولىدىغان- بولمايدىغانلىقىنى سىناپ كۆردى. ئەمما تانىنى ئالدىغا تارتمىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى پەقەت قاتتىق تارتىلغان تانا ئۈستىدىكى سۇ تامچىلىرىنى ئۇياق-بۇياققا چاچرىتالىدى، خالاس. قېيىق يەنىلا ئالغا كېتىۋاتاتتى. بوۋاي، ئايىروپىلاننىڭ قارىسى يۈتكىچە قاراپ تۇردى.

ئۇ : ئايىرۇپىلانغا ئولتۇرۇش ھەيران قالارلىق ئىش بولسا كېرەك. ئايىرۇپىلاندا ئولتۇرۇپ پەسكە قارىسا، دېڭىز قانداق كۆرۈنىدىغاندۇ؟ ئايىرۇپىلان بەك ئېگىز ئۇچسىلا ئۇنىڭدا ئولتۇرغان كىشىلەر بېلىقلارنى چوقۇم ئېنىق كۆرەلەيدۇ. مەنمۇ 200 فاتخوم ئېگىزلىكتە ئاستىنا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، دېڭىزدىكى بېلىقلارنى كۆرۈپ باقسام قانداق بولاتتى-ھە؟ مەن بىر چاغلاردا دېڭىز تاشپاقىسىنى كېمە ماچتىسىنىڭ توشرا ياغچىدا ئولتۇرۇپ، توپ-توپ بولۇپ ئۈزۈپ يۈرگەن كۆپ-كۆك يۇنۇس بېلىقلىرىنى، ئۇلارنىڭ تېنىدىكى بوغۇم-بوغۇم داغلارنى ناھايىتى ئېنىق كۆرەلىگەن ئىدىم. نېمىشقا قاپ-قاراڭغۇ سۇ ئىچىدە تېز ئۈزەلەيدىغان بېلىقلارنىڭ دۈمبىسى سۆسۈن رەڭلىك بوغۇم ۋە داغ بولىدىغاندۇ؟ يۇنۇس بېلىقلىرى ئەلۋەتتە يېشىل كۆرۈنىدۇ- دە، چۈنكى ئۇلار راستتىنلا ئالتۇن رەڭلىك. بىراق ئۇ

تازا ئېچىرقىغاندا بىر نەرسە يېسە، بىقنلىردا ساقاڭقۇر بېلىقلىرنىڭكىگە ئوخشاش سۆسۉن بوغۇملار پەيدا بولىدىكەن. ئۇ، دەرغەزەپكە كەلگەن ياكى بەك تېز ئۉزگەن چاغلاردا بولسا، سۆسۉن رەڭلىك بوغۇملىرى تېخمۇ ئېنىق كۆرۉنىدىكەن، دەپ ئويلىدى.

قاراڭغۇ چۉشەي دېگەندە، قېيىق كەڭرى يېيىلغان قىلچىسمان يۇسۇننىڭ يېنىدىن ئۆتتى. دەل شۇ چاغدا، ھېلقى ئىنچىكە قارماق تانىسىغا، يۇنۇس بېلىقى ئېسىلدى. يۇنۇس بېلىقى دەسلەپتە تىكلىنىپ سۇ يۉزىگە كۆتۉرۉلۉپ چىقىپ، ئۇياق-بۇياققا تولغىنىپ، كېيىن نئكزىنى تانىغا جان-جەھلى بىلەن ئۇرغىلى ۋە ۋەھىمە ئېچىدە ماھارەت كۆرسىتىۋاتقاندەك، تۆت تەرەپكە پىلتىڭلىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ تېنى كەچكى قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك پارقىرايتتى. بوۋاي دەلدۉگۉنۉپ قېيىقنىڭ تۇمشۇقىغا بېرىپ يۉكۉندى-دە، ئوڭ

قولى بىلەن چوڭ تاننى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، سول قولى بىلەن يۇنۇس بېلىقى ئىلىنغان تاننى يالىڭاياق سول پۇتى بىلەن مەھكەم دەسسىۋالدى. يۇنۇس بېلىقى قېيىقنىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن، پىلتىڭلاپ، ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇتۇق بەرمىدى   .بوۋاي، قېيىقتىن ئارتىلىپ تۇرۇپ، بەدىنىنى سۆسۈن داغلار قاپلىغان بۇ پارقىراق ئالتۇن بېلىقنى، قېيىقنىڭ تۇمشۇقى تەرەپتىن تارتىۋالدى. بېلىقنىڭ قارماققا ئىلىنغان ئاغزى بىر ئېچىلىپ، بىر يېپىلىپ تۇراتتى، ئۇ تۇرۇپ تۈگۈۋالاتتى، تۇرۇپ ئۇزىراپ كېتەتتى. ياپىلاق ئۇزۇن بەدىنى، قۇيرۇقى ۋە بېشىنى،  ھە دەپ قېيىققا ئۇراتتى. تاكى بوۋاي كالتەك بىلەن ئۇنىڭ ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان بېشىغا راسا سالغاندىن كېيىن، پۈتۈن بەدىنى بىر ھازا تىترەپ ئاخىرىدا قىمىر قىلماي ياتاتتى.

بوۋاي يۇنۇس بېلىقنى قارماقتىن چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، قارماقتا يەنە بىر تال سارتىن بېلىقنى ئۆتكۈزۈپ، تانىنى سۇغا چۆشۈردى-دە، ئىغاڭلاپ مېڭىپ، قېيىقنىڭ بېشى تەرەپكە ئۆتتى ۋە سول قولىنى يۇيۇپ، ئىشتىنىغا ئېرتىۋالغاندىن كېيىن، پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشقا ھەم قېيىپاش تۇرغان توم تانىغا قاراپ دېدى : « ئۇ، يۆنۈلۈشنى قىلچە ئۆزگەرتمەپتۇ» .

ئۇ بايا قولىنى چايقاۋاتقاندا، دېڭىز سۈيىنىڭ قولىنى سىپاپ ئۆتۈشىدىن سۇنىڭ ئاستا ئېقىۋاتقانلىقىنى بايقىغان ئىدى.

« ئىككى پالاقنى گىرەلەشتۈرۈپ قېيىقنىڭ تۇمشۇقىغا باغلاپ قويسام، بېلىق كېچىدە ئاستىراق ماڭىدۇ، - دېدى ئۇ، - بېلىق كېچىدىن ئوبدانىراق ئۆتۈۋالسۇن، مەنمۇ ئۇنىڭ مەيلىگە ماسلىشاي»

ئەڭ ياخشىسى، بىردەمدىن كېيىن يۈنۈس بىلىقنىڭ ئىچ-باغرىنى تازىلىۋېتەي، -دەپ ئويلىدى، ئانسىدىنئۇ،- شۇنداق قىلسام بىلىقنىڭ قېنى چىقىپ كەتمەيدۇ .بىردەمدىن كېيىن يۈنۈش بىلىقنىڭ ئىچ- قارنىنى تازىلىغاندا ئىككى پالاقنى بىر-بىرىگە چىگىپ قويسام، قېيىقنىڭ مېڭىشىنىي ئاز-تولا تىزگىنلەيدۇ. لېكىن، ھازىر ئەڭ ياخشىسى، تولا تاراق-تۇرۇق قىلماسلىقىم كېرەك. تېخى كۈن ئولتۇرماستىنلا ئۇنى ئۈركۈتىۋەتسەم بولماس، چۈنكى، كۈن پېتىۋاتقان چاغدا بىلىقلارغا تەڭ كەلمەك قىيىن.

ئۇ قولىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ قۇرۇتقاندىن كېيىن، قارماق تانىسىنى تۇتتى ۋە ئىمكان بار ئۆزىنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈن، قېيىقنىڭ گىرۋىكىگە يۆلىنىپ ئولتۇردى، بۇنداقتا قېيىققا چۈشىدىغان ئېغىرلىق ئۇنىڭغا چۈشىدىغان ئېغىرلىقتىنمۇ كۆپرەك بولاتتى.

ئەمدى قانداق قىلىش لازىملىقىنى بىلۋالدىم،- دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ، -ئاز دېگەندىمۇ چوڭ بېلىق بىلەن قانداق ئېلىشىش لازىملىقىنى بىلۋالدىم، ئۇ قارماقتا ئىلىنغاندىن بۇيان، ھېچنەرسە يېيەلمىدى. ئۇنىڭ تېنى چوڭ بولغانلىقتىن بۇيان، ھېچنەرسە يېيەلمىدى. ئۇنىڭ تېنى چوڭ بولغانلىقتىن، كۆپرەك نەرسە يېيىشى كېرەك ئىدى، مەن بولسام توڭگۆل بېلىقنى پاك-پاكىزە يەپ بولدۇم. ئەتە يۇنۇس بېلىقنى يەيمەن، ئۇنى پاكىز يۇيۇۋېتكەندىن كېيىن، ئازراق يېيىشىمۇ مۇمكىن. پىلامىس بېلىقىغا قارىغاندا ئۇنى يېيىش تەسرەك. بىراق، بېلىق يېيىشنى تەس دېسەم، دۇنيادا بىرەرمۇ ئاسان ئىش قالمايدۇ.

«ھەي بېلىق، ئەھۋالىڭ قانداقراق!-دېدى ئۇ ياڭراق ئاۋازدا،- مەن ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن، سول قولۇممۇ ياخشى بولۇپ قالدى، يەنە تېخى، بىر كېچە-كۈندۈز يەتكۈدەك ئوزۇق

تەييارلىۋالـدىم. بىلـىق، سـەن قېيىقنـى سـۆرەپ كېتىۋەرگىن« .

شـۇ تاپتـا ئۇنـىڭ ئەھـۋالى ھەرگـىز ئـۆزى ئېيتقاندەك ياخشى ئەمەس ئـىدى، چۈنكى ئۇنـىڭ دولىسى تاننىڭ بېشى بىلەن ئاغرىشتىن تەرەققىي قىلىپ ھەتتا ئاغرىقنىمۇ سەزمەيدىغان پالەچ ھالغا بېرىـپ يەتـكەن ئـىدى. ئـۇ: « بۇنىڭـدىنمۇ بەكـرەك پـاالاكەت باسـدىغان ئىشـلارمۇ بولـدىغۇ، بىـر قولـۇم سـەل-پەل غىردىلىپ كەتـكەن بىلەن، يەنە بىـر قولۇمنىـڭ پېيـى تارتمايـدىغان بولـۇپ قالـدى. ئىككـى پۇتۇمـمۇ سـاپ-سـاقلا تۇرۇپتـۇ. ئۇنـىڭ ئۆستىگە ئوزۇقلۇق مەسلىسدە ئۇنىڭـدىن غالىـپ كېلىۋاتىمەن، دەپ ئويلىدى.

گۇگـۇم چۈشـتى، سـېنتەبىر ئېيـدا كـۈن پېتىش بىلەنلا قاراڭغۇ چۈشىدۇ. ئـۇ قېيىقنـىڭ بـاش تەرىپىدىكى يېرىق تاختايغا يۆلەنگىنچە بەدىنىنى

قېيىقتىن ئېگىز چىقىرىپ ئولتۇراتتى. دەسلەپكى يۇلتۇزلار تۆركۈمى پەيدا بولدى. بۇ يۇلتۇزلار ئۇنىڭ يىراقتىكى دوستلىرى ئىدى.

«ئاشۇ بېلىقمۇ مېنىڭ دوستۇم،- دېدى ئۇ خۇشاللىق بىلەن،- بۇنداق بېلىقنى مەن ئەزەلدىن كۆرۈپمۇ باقمىغان. ئاڭلاپمۇ باقمىغان. بىراق، مەن ئۇنىڭ جېنىنى ئالماي قويمايمەن. ھېلىمۇ ياخشى، بىز يۇلتۇزلارنى ھالاك قىلىۋېتىشنى ئويلىماپتىكەنمىز».

ئەگەر بىر ئادەم، ھەر كۈنى ئاينى ئۆلتۈرمەن دەپ چىقىدىغان بولسا، قانداق ئەھۋال يۈز بېرەتتى؟ ئۇنداقتا ئاي قېچىپ كېتەتتى. ئەگەر بىر ئادەم ھەر كۈنى كۈننى ئۆلتۈرمەن دەپ چىققان بولسا، ئۇ چاغدا قانداق ئەھۋاللار يۈز بېرەتتى؟ بىز كىچىگىمىزدىنلا تەلەيلىكمىز.

ئۇ ھېچنىمە يېيەلمىگەن ھېلقى بېلىققا ئىچ ئاغرىتاتتى، لېكىن يەنە ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئىرادىسىدىنمۇ قايتمايتتى.

« ئۇنىڭ گۆشى نۇرغۇن ئادەملەر يېسىمۇ يېتەر-ھە! بىراق ئۇلار شۇنى يېيىشكە لايىقمۇ؟ لايىق ئەمەس، ئەلۋەتتە لايىق ئەمەس-دە. ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، تەقى-تۇرقى، گۆزەللىكىدىن قارىغاندا، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشكە لايىق ئەمەس... بۇ ئىشلارنى ئانچە ئۇقۇپ كەتمەيمەن. لېكىن، بىز ئاي، كۈن ياكى يۇلتۇزلارنى ئۆلتۈرۈش خىيالىدا بولساق بولمايدۇ، ئۇلار ھامان ياخشى -دە .دېڭىزدا كۈن كەچۈرۈپ تۇرۇقلۇق، ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلتۈرگىنىمىزمۇ يېتەر... مەن ھازىر ئەڭ ياخشىسى، قېيىقنىڭ سۆرۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە باش قاتۇراي، بۇ ئىشنىڭ خەتەرلىك تەرىپىمۇ، ياخشى تەرىپىمۇ بار. مۇبادا ئۇ تانىنى كۈچىنىڭ بېرىچە سىلكىيدىغان بولسا

ياكى قېيىقنىڭ يۈرۈشىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان پالاق، تازا جايىغا قويۇلمىغان بولسا ۋە ياكى قېيىق ئاستا مېڭىپ تۇرمىسا، ئۇ هالدا، مەن شۇنچە كۆپ قارماق تاشلىرىم بىلەن بېلىقلارنى قولدىن بېرىپ قويىمەن. قېيىقنىڭ يېنىك بولغىنى ماڭمۇ، بېلىققىمۇ ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ. بىراق يەنە بىرى جەھەتتىن، مېنىڭ بىخەتەرلىكىمگە پايدىلىق بولۇۋاتىدۇ، چۈنكى، بېلىق قارماققا ئىلىنغاندىن بېرى قېيىقنى راسا كۆچەپ تارتىپ باقمىدى. قانداق ئەھۋاللارغا دۇچ كەلمەي، يۈنۈش بېلىقنىڭ ئىچ-باغرىنى تازىلىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن ئازراق يەپ، ئۆزۈمگە ئازراق دەرمان قوشاي، هەر هالدا ئۇنى چىرتىپ قويماي... هازىرچە بىرەر سائەت ئارام ئېلىپ تۇرۇپ، بېلىق جىمىغاندا، قېيىقنىڭ تۇمشۇقىغا بېرىپ ئۆز ئىشىمنى قىلغاچ، كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەي. شۇ ئارىلىقتا، ئۇنىڭ قانداق هەرىكەتلىنىدىغانلىقى ۋە

ئۈنىڭدا ئۆزگىرىش بولغان-بولمىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمەن. پالاقنى بۇ يەرگە قويۇپ قويۇشنىڭ ئۆزىغۇ تازا ئەپچىل چارە. بىراق شۇ تاپتا جان بىلەن ئويىنىشىدىغان پەيت كېلىپ قالدى. بېلىق بۇرۇنقىدەكلا يۇۋاشلىق بىلەن كېتىۋاتىدۇ، قارماق ئۈنىڭ ئاغزىنى ئېلىپ تۇرغاچقا، ئۇ، ئاغزىنى چىڭ يۇمۇۋاپتۇ. قارماقنىڭ ئۈنىڭغا بېرىۋاتقان جازاسى تېخى ھېچ گەپ ئەمەس. ئاچلىق ئۇنى جازالاۋاتىدۇ، ئۈنىڭ ئۈستىگە ئۇ، تازا ھەيران قالارلىق بىر ئىشقا يولۇقتى، مانا بۇ ئۈنىڭغا بېرىلگەن ئەجەللىك جازا-دە. قېرى سەن ئارام ئېلىۋەر، ئۇمۇ قېيىقنى سۆرەپ مېڭىۋەرسۇن، قالغان گەپنى ۋاقتى كەلگەندە بىر نەرسە دېمەمسەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى سائەت ئارام ئالغىنىغا ئىشەندى. يېخى ئاي چىقمىغانلىقتىن، ئۇ شۇ تاپتا قايسى ۋاقىت بولغانلىقىنى بىلەلمىدى .ئەملىيەتتە

ئۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئارام ئالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئارام دېگىنى ئۆزىگە تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن ئېيتقان سۆزى ئىدى. ئۇنىڭ مۈرىسى بۇرۇنقىدەكلا تانىنىڭ تارتىشىغا چىداپ تۇراتتى. سول قولىنى قېپىقنىڭ گېۋىكىگە قويۇۋالغان ئىدى. چۈنكى قېپىقتا چىڭ يۆلىنىۋېلىشىنىڭ ئۆزىمۇ بېلىقتا نىسبەتەن قارشىلىق كۈچىنى ئاشۇراتتى.

« تانىنى قېپىقتا باغلاپ قويۇشقۇ ئاسان ئىش. ئەمما بېلىق بىرلا تولغىنىپ تانىنى ئۈزۈۋېتىپ قالسا، ئىشنىڭ بۇزۇلغىنى شۇ. مەن جەزمەن تانىنىڭ سالمىقىنى بەدىنىم بىلەن تىرەپ تۇرۇشۇم كېرەك. ئۇنداقتىتا زۆرۈر تېپىلغان ھامان تانىنى ئىككى قوللاپ چۈشۈرۈپ بېرەلەيمەن«.

« بىراق سەن يەنە ئۇخلىشىڭ كېرەك، قېرى،- ئۇ يەنە سۆزلىگىلى تۇردى،- يېرىم كۈن ۋە بىر كېچە ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈن ئىككىنچى كۈنى

بولۇپ قالدى، سەن تېخچە ئۇخلمايۋاتسەن، ئۆزۈڭگە دەققەت قلغن. ئۇ جم تۇرغان مۇشۇ پۇرسەتتن پايدلنپ بردەم ئۇخلۋالغن. بۇنداق ئۇخلماي كېتۋەرسەڭ، بېشڭ ئېلشپ قالدۇ».

هازر كاللام سەگەك، بەلكى بارغانسېرى سەگەكلشپ كېتۋاتدۇ. سەگەكلكتە يۇلتۇز قېرنداشلرمدن قېلشمايۋاتمەن. براق يەنە ئۇخلشم كېرەك .يۇلتۇزلارمۇ، كۈنمۇ، ئايمۇ ئۇخلايدغۇ. جددي ئېقن، دولقۇن بولمغان چاغدا هەتتا دېڭز -ئوكيانلارمۇ ئۇخلايدغۇ. ئۇخلاشنى ئۇنتۇپ قالسام بولماس، بر ئامال قلپ ئۇخلاي. قارماق تانسى ئۈچۈن، ئەڭ ئاددي، ئەڭ ئشەنچلك بر چارە تاپاي. ئاۋۋال ئۇياققا ئۆتۈپ، يۇنۇس بېلقنى ئوبدان جايلاشتۇرۇپ قوياي. زادى ئۇخلايدغان بولسام، پالاقنى، قېيقنى تزگنلەپ تۇرغۇدەك قلپ

تۈزۈكرەك ئورۇنلاشتۇرۇۋېتەي. بىراق بۇنداق قىلىش بەك خەتەرلىك.

« بولىدىلا، ئۇخلىماي مۇشۇنداق كېتىۋېرەي، ئەمما بۇنداق قىلىشمۇ بەك خەتەرلىك »- دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ.

ئۇ يەنە ئۆملەپ، قېيىقنىڭ تۇمشۇقىغا باردى-يۇ، لېكىن دەككە-دۈككە ئىچىدە بېلىق سۆرەپ كېتىۋاتقان تانىغا تېگەلمىدى. لېكىن: ئۇمۇ مۈگدەۋاتقان بولسا كېرەك، شۇڭا مەن ئۇنى سىلكىپ يۈرۈپ، ئارام ئالدۇرماي ئولتۇرقمەن، دەپ ئويلىدى.

ئۇ قېيىقنىڭ تۇمشۇقىغا بارغاندىن كېيىن، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، دولىسىنى بېسىپ تۇرغان تانىنى سول قولى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ئوڭ قولى بىلەن پىچىغىنى قىنىدىن سۇغۇرىۋالدى. شۇ تاپتا يۇلتۇزلار نۇرلىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ

كۆزلىرى ھېلىقى يۇنۇش بېلىقنى ناھايىتى ئېنىق كۆرەلىدى-دە، پىچاقنى ئۇنىڭ بېشىغا سانجىپ، ئۇمق قېيىقنىڭ تۇمشۇقىدىن ئېلىپ چىقتى ۋە بىر پۇتى بىلەن يۇنۇس بېلىقنىڭ تېنىگە دەسسەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن تارتىپ تاكى تۆۋەنكى كالپۇگىچە يېرىپ تاشلىدى. ئاندىن پىچاقنى تاشلاپ قويۇپ، بېلىقنىڭ ئىچ-قارنىنى پاكىز تازلىدى، بىردىنلا بېلىقنىڭ ئاشقازىنى ئۇنىڭ قولىغا ئېغىر ۋە سىلىق ئۇرۇندى، ئۇنى يېرىپ كۆرۈۋېدى، ئاشقازاننىڭ ئىچىدىن ئىككى تال يېڭى ئۇچار بېلىق چىقتى، بوۋاي ئۇچار بېلىقنى بىر چەتكە قاتار قويۇپ، ئوڭ پۇتى بىلەن يۇنۇس بېلىقنىڭ بېشىغا دەسسەپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى سويدى ۋە ئىككى يېنىدىكى گۆشلەرنى قۇيرۇقىدىن بېشىغىچە قويماي كېسىۋالدى.

ئۇ بېلىقنىڭ ئۇستىخانلىرىنى ئېلىپ سۇغا تاشلاپ، سۇدا قاينام ھاسىل بولىدىغان-

بولمايدىغانلىقىغا قاراپ تۇردى، بىراق ئۇستىخانلار سۇغا چۈشكەندىن كېيىن پارقىرىغانىدەك قىلىپلا سۇغا چۆكۈپ كەتتى. ئاندىن بوۋاي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ھېلقى ئىككى تال ئۇچار بېلىقنى ئىككى پارچە يۇنۇس بېلىقىنىڭ گۆشى ئىچىگە تىقىپ قويغاندىن كېيىن، پىچىغىنى قىنىغا سېلىپ، ئاستا ئۆمىلەپ قېيىقنىڭ بېشى تەرەپكە كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ دولىسى قارماق تانىسىنىڭ سالمىقىدىن ئېگىلىپ قالغان ئىدى، ئوڭ قولىدا بىر تال بېلىق تۇراتتى.

ئۇ قېيىقنىڭ باش تەرىپىگە بارغاندىن كېيىن، يۇنۇس بېلىقنىڭ ئىككى پارچە گۆشىنى تاختاي ئۈستىگە قويۇپ قويدى. ئاندىن دولىسىدىكى قارماق تانىسىنى بىر تەرەپكە ئازراق يۆتكىۋالغاندىن كېيىن، سول قولى بىلەن قېيىقنىڭ گىرۋىكىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ، ئۇچار بېلىقنى قولىغا ئالدى-دە، ئېغىشىپ تۇرۇپ ئۇنى سۇدا چايقىدى

ۋە قولىغا ئۇرۇلۇۋاتقان سۇغا قاراپ، سۇنىڭ تېزلىگىنى مۆلچەرلىدى .سۇنىڭ كۈچى ئاستىلاپ قالغان ئىدى، ئۇ، قولىنى قېيىقنىڭ تاشقى تەرىپىگە سۈركىگەن چاغدا، سۇ يۈزىدە پەيدا بولغان سانسىز فوسفور نۇرلىرى ئاستا-ئاستا لەيلەپ، قېيىقنىڭ ئارقىسىدا قالدى.

» ئۇ، يا ھېرىپ قالدى، يا بولمىسا ئارام ئېلىۋاتىدۇ،- دېدى بوۋاي،- ئەمدى مەن بۇ يۇنۇس بېلىقنى يەۋېتىپ، ئازراق ئارام ئالغاچ، كۆزۈمنى يۇمۇۋالاي«.

تۈن سوغىقى ئاستا-ئاستا كۈچىيىۋاتاتتى. بوۋاي، يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىدا، يۇنۇس بېلىقنىڭ يېرىمىنى ۋە بىر تال ئۇچار بېلىقنى يەۋەتتى. ئۇ، بۇرۇنلا ئۇچار بېلىقنىڭ ئىچ-باغرىنى تازىلاپ، بېشىنى كېسىپ تاشلىۋەتكەن ئىدى.

» يۇنۇس بىلغىنى پىشۇرۇپ يېگەن بولسام قانچىلىك مەززىلىك بولاتتى-ھە- !دېدى ئۇ،- خام بېلىق نېمە دېگەن لاۋزا. بۇنىڭ يا تۇزى بولمىسا، بېلىق تۇتقىلى چىقمايمەن«.

ئەگەر مەن كاللا ئىشلەتكەن بولسام، كەچكىچە دېڭىز سۈيىنى قېيىقنىڭ بېشىغا چاچرىتىپ، تۇز ھاسىل قىلغان بولاتتىم. بىراق، ئۇنداق قىلسام، يۇنۇس بېلىقنى قاراڭغۇ چۈشكىچە تۇتالمىغان بولاتتىم. يەنىلا تەييارلىقىم كەم بوپتۇ. خەير مەيلى، مەن ئۇنى لەززەتلەنگەن ھېسسياتتا يەي، بەلكىم كۆڭلۈمگە تەگمەس.

بۇلۇتلار شەرققە قەراپ كېڭىيىپ، ئۇنىڭغا تونۇش يۇلتۇزلار بىر بىرلەپ يوقىماقتا ئىدى. شۇ تاپتا، شامال پۈتۈنلەي توختىغانلەقتىن، ئۇ گويا

ئۆزىنى بۇلۇتلۇق چوڭقۇر جىلغىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

» ئۈچ -تۆت كۈندىن كېيىن ھاۋا بۇزۇلىدۇ،- دېدى ئۇ،- بۈگۈن- ئەتە ھېچ گەپ يوق. ھازىرلا ئىشلارنى ئوبدان جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، بېلىق جىم تۇرغان مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر ئاز ئۇخلىۋالاي«.

ئۇ قارماق تانىسىنى ئوڭ قولىدا چىڭ تۇتۇپ، قولىنى يوتىسى بىلەن بېسىپ، پۈتۈن ئېغىرلىقىنى قېيىقنىڭ بېشىدىكى ياغاچ تاختايغا چۈشۈردى. ئاندىن مۈرىسىدىكى قارماق تانىسىنى ئازراق تۆۋەنلىتىپ، سول قولى بىلەن ئۇنى مەھكەم تۇتۇۋالدى.

بۇنى چىڭ ئىگەللەپ تۇرالمىساملا، ئوڭ قولۇم ئۇنى چىڭ تۇتۇپ تۇرالايدۇ .ئۇخلاۋاتقان چېغىمدا، تانا قېچىپ كەتكۈدەك بولسا، سول

قولـۇم مېنــى ئويغىتتــدۇ. ئەمــدى ئــوك قولۇمغــا بەكــرەك زور كېلــدىغان بولــدى. بــراق، ئــۇ جاپــا تارتىشــقا كۆنۈكتــۇ. 20 مىنــۇت بولامــدۇ، يېــرىم سـائەت بولامـدۇ، ئىشـقىلىپ كـۆزۈمنى بىـر ئـاز يۇمۇۋالساملا ياخشى بولغىنى، دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە بەللىرىنى ئېگىـپ بەدىنـى بىلـەن قارمـاق تانىسـىنى تىــرەجەپ، پۈتكــۈل ئېغىرلىقىمنــى ئــوك قولىغــا سالغان پېتى ئۇيقۇغا كەتتى.

ئــۇ چۈشــدە، 10-8 ئىنگىلــز مىلــى ئۆزۈنلۇقتـا سـوزۇلغان بىـر تـوپ يۇنـۇس بېلىقنـى كۆردى، بـۇ دەل ئۇلارنىـڭ جۈپلىشـدىغان كـۈنلىرى بولغاچقـا، ئـۇلار سەكرىشـىپ، بېلىنىـڭ ئۈسـتىنى يۇقىرىغــا چىقارغانــدىن كېيــىن، يەنە پەســلەپ، ئۆزلىرى سەكرەپ چىققاندا ھاسىل بولغـان قاينـام ئىچىگە غايىب بولاتتى.

ئۈندىن كېيىن ئۇ، چۆشىدە يەنە قىيپاش سوزۇلغان سارغۇچ دېڭىز ساھىلىنى ۋە گۈگۈم ۋاقتىدا دېڭىز ساھىلىنى بويلاپ كېۋاتقان بىر دانە شىرنى كۆردى .ئۈنىڭ كەينىدىن يەنە بىر مۈنچە شىرلارمۇ كېلىۋاتاتتى. ئۇ، ئېڭىكىنى قېيىقنىڭ بېشىدىكى ياغاچ تاختايغا تىرىگەن ھالدا تۇراتتى. ئۈنىڭ قېيىقى دېڭىزنىڭ كەچكى شامىلىغا يۆزلىنىپ، شۇ يەردە توختىغان ئىدى. شۇ تاپتا، ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى شاتلىققا چۆمگەن ئىدى...

ئاي چىققىلى خېلى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇيقۇدا ئىدى. ھېلىقى چوڭ بېلىق غەم-ئەندىشىسىز ھالدا قېيىقنى سۆرەپ مېڭىۋېرىپ، بىر قاينام ئىچىگە ئېلىپ كىردى.

بوۋاي، ئوڭ ئالقىنى يۈزىگە قاتتىق ئۇرۇلۇش بىلەن ئويغاندى، قارماق تانىسى ئۈنىڭ ئوڭ قولىدىن شاررىدە سىيرىلىپ چىقىپ، قولىنى

خېلى ئاغرىتتى، سول قولى ئۇيۇشۇپ كەتكەنلىكتىن، ئوڭ قولى بىلەن كۆچىنىڭ بېرىچە تارتىشىپ باققان بولسىمۇ، تانا بۇرۇنقىدەكلا سېرىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىرىدا ئۇ، سول قولى بىلەنتانىغا مەھكەم ئېسىلىپ، ئوڭدىسىغا يېتىپ تۇرۇپ تارتتى. تانا ئۇنىڭ مۈرىسىنى ۋە سول قولىنى ئاغرىتتى. چۈنكى بارلىق سالماق سول قولىغا چۈشۈۋاتقانلىقتىن، سول قولى ئېچىشىپ ئاغرىماقتا ئىدى. ئۇ بېشىنى ئارقىسىغا بۇراپ سۇ ئۈستىدە بىر ئوبدان يېيىلىپ تۇرغان قارماق تانىسىنى كۆردى، دەل شۇ پەيتتە، ھېلقى بېلىق قاتتىق سىلكىنىپ، دېڭىز سۈيىدە زور بۇژغۇن كۆتۈرۈۋېتىپ، شىددەت بىلەن يەنە سۇ ئاستىغا كىرىپ كەتتى. بېلىق تىنىماي سەكرىمەكتە ئىدى. قارماق تانىسى توختىماي چۈشۈپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، قېيىق يەنىلا ناھايىتى تېز يۈرەتتى.

بوۋاي بولسا تانىنى جان-جەھلى بىلەن تارتىپ تۇرغاچقا، تانا ئۈزۈلۈپ كەتكىلى تاس قالغان ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا سۈرۈلۈپ، قېيىقنىڭ ئارقا تەرىپىگە بېرىپ قالغان بولۇپ، يۈزىنى يۇنۇس بېلىقنىڭ گۆشىگە چاپلىغان پېتى قىمىر قىلماي تۇراتتى.

« ئۈيلىمىغان ئىش يۈز بەردى،- دېدى ئۇ،- ئەمدى تارتماسقا ئامال يوق».

ئۇمۇ تانىنىڭ ئازابىنى تارتىپ باقسۇن،- دەپ ئويلايتتى بوۋاي،- جاپانىڭ تەمىنى تېتىسۇن.

بېلىق ئەمدى سەكرەشتىن توختىغان ئىدى، شۇ تاپتا دېڭىز سۈيىنىڭ شاۋقۇنى ۋە بېلىق چۆكۈپ كېتىۋاتقان چاغدىكى سۇدىن چىققان ئاۋازلار ئاڭلىناتتى .بوۋاينىڭ قارماق تانىسى قىيۋەتكەن قولى تازا ئاغرىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا

بىلەتتى، شۇڭا ئامال قىلىپ تاننى قولدىكى قاپارتقۇ بار يەرلەرگە توغرىلىۋالغانلىقتىن، ئالقىنى ۋە بارماقلىرىغا ئانچە زەخمە يەتمىگەن ئىدى.

بالا بىللە بولغان بولسا، تاننى سۇدا يۆمشىتىپ قويغان بولاتتى،- دەپ ئويلىدى ئۇ،- ھەي، نېمىلا بولمىسۇن، بالا بۇ يەردە بولغان بولسا ئەجەپ ياخشى بولاتتى...

قارماق تانىسى سۇغا قاراپ سېرىلا-سېرىلا ئەمدى ئاستىلەپ قالغان ئىدى، ئۇ تانىغا مەھكەم ئېسىلىپ تۇرغانلىقتىن، بېلىقمۇ تاننى ھەر بىر دىيۇم تارتىش ئۈچۈن خېلى كۈچ سەرپ قىلغان ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ، تاختايدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، يۈزىنى ھېلقى بېلىق گۆشىدىن ئاجراتتى ۋە يۆكۈنۈپ تۇرۇپ ئاستا-ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ، قارماق تانىسىنى يەنىلا چىقىرىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، بارغانسېرى ئاستىلاپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا

ئۇ ترشپ يۈرۈپ، يۆگەلگەن تانغا پۇتى يەتكۈدەك جايغا بېرۋالدى. تانا خېلى كۆپ ئدى. بېلق سۇ ئچدە يېڭى قارماق تانسنڭ توسقۇنلۇقغا ئۇچرماي قالمايتتى.

ئۇ بايدن بېرى ئون نەچچە قېتم سەكردى، ئۇنڭ ئلكلرى ھاۋا بلەن توشۇپ كەتتى، ئەمدى ئۇ ئۆلۈپ قالسمۇ، مەن تارتپ چېقرالمغۇدەك چوڭقۇرلۇقتا كرپ كېتەلمەيدۇ. بردەمدن كېين ئۇ بۇرۇلغان چاغدا مەن چوقۇم ئۇنى تزگنلەپ ئالالايمەن. ئۇ نېمدن چۆچۈپ شۇنداق تۇيۇقسز سەكرەپ كەتتكن-تاڭ؟ پەممچە، ئۇ ئاچلقتن ئەسەبيلشپ كېتۋاتدۇ، يا بولمسا كېچدە بر نەرسدن قورقۇپ كەتتى. بەلكم تۇيۇقسز قورقۇنچ ئچدە قالغان بولۇشمۇ مۇمكن. ئۇنڭ بردنلا ئاشۇنداق سالماق، كۈچلۈك، قورقماس، ئۆزگە ئشنندغان بولۇپ كېتشى ھەققەتەن ھەيران قالارلق ئش.

«قېرى، ئەڭ ياخشىسى سەنمۇ قورقما، سەندىمۇ ئىشەنچ بولسۇن،- دېدى ئۇ ئۆزىگە مەدەت بېرىپ،- تانىغا ئېسىلۋالغىنىڭ بىلەن تانىنى يىغۋالالمايسەن، بىر ئازدىن كېيىن ئۇ بۇرۇلدۇ».

بوۋاي ئەمدى سول قولى ۋە گەۋدىسى بىلەن بېلىقنى تارتىپ تۇردى-دە، بېلىنى ئېگىپ، ئوڭ قولى بىلەن بىر ئوچۇم سۇ ئېلىپ، مەڭزىگە چاپلىشىپ قالغان يۇنۇس بېلىقىنىڭ گۆشىنى يۇيۇۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇنۇس بېلىقىنىڭ گۆشىدىن كۆڭلى ئاينىپ قۇسۇۋەتسە، ئاجىزلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ يۈزىنى پاكىز سىپىۋەتكەندىن كېيىن، ئوڭ قولىنى قېيىقنىڭ گىرۋىكىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ، دېڭىز سۈيىدە چايقىدى ۋە قولىنى سۇغا چىلاپ تۇرۇپ، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى تاڭ نۇرىغا سەپسالدى.

ئۇ شەرققە قاراپ كېتىۋاتقانىدەك قىلىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ چارچاپ كەتكەنلىكتىن سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ماڭغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۇ بۇرۇلىدۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا بىزنىڭ رەسىمي ئىشلىشىمىز باشلىنىدۇ.

ئۇ ئوك قولىنىڭ سۇدا تۇرۇۋاتقىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى-دە، قولىنى سۇدىن تارتىۋېلىپ تىكىلىپ قاراپ قويدى.

- چاتاق يوق،- دېدى ئۇ،- جاپا تارتىش، ئەر كىشى ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس.

ئۇ تانىنى پەم بىلەن ئوك قولىغا ئالدى ۋە قولىدىكى باياتىن تانا قىسىپ كەتكەن جايلارنى ئاۋايلاپ، تانىنى يېقىن كەلتۈرمىدى. ئاندىن تانىنىڭ دولىسىدىكى سالمىقىنى باشقا جايغا يەڭگۈشلەپ، سول قولىنى قېيىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى سۇغا يەتكۈدەك قىلىۋالدى.

« سېنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭ خېلى جايىدا،- دېدى ئۇ سول قولىغا،- ئەپسۇسكى بىر نۆۋەت سېنى زادىلا تاپالماي كەتتىم.

« نېمىشقا مېنىڭ ھەر ئىككى قولۇم ئوخشاش يارالمىغان بولغىيدى؟ بەلكىم ئاشۇ قولۇمنى ئوبدان تاۋلىمىغانلىقىمدىن بولسا كېرەك. بىراق، ئۇ تاۋلىنىمەن دېسە پۇرسەت كۆپىقۇ ھەر ھالدا ئۇ بۈگۈن كېچە ئوبدان ئىشلەپ بەردى. بىراق بىر قېتىم ئۇنىڭ پېيىمۇ تارتىشىپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ پېيى تارتىشىپ قالىدىغان بولسا، تانىغا تازا غاجىلىتىمەن.

ئۇ مۇشۇنداق ئويلاردا بولۇۋاتقاندا، مېڭىسىنىڭ ئانچە سەگەك ئەمەسلىكىنى سەزدى ۋە يۇنۇس بېلىقىدىن يەنە ئازراق يەۋېلىش لازىملىقىنى ھېس قىلدى .بىراق:

» ئۇنى يەيمەن دەپ كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇرۇپ كۈچۈمدىن كەتكەندىن كۆرە، بېشىم قېيىپ كېتىۋاتسىمۇ، مۇشۇنداق يۈرۈۋەرگىنىم ياخشى،- دېدى يەنە ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ،- ئەمدى يېمەي. يېگىنىم بىلەن قورسىقىمغا كىرگەندىن كېيىن بەربىر جىم تۇرمايدۇ، چۈنكى ھېلىلا مەڭزىمنى ئۇنىڭغا چاپلاپ تۇرغانتىم، ئۇنى مەن چىرىپ كەتكۈچە قوييۇپ تۇراي، بولمىسا بىرەر جىددى ئەھۋال بولۇپ قالسا چاتاق بولىدۇ. نېمىلا دېگەن بىلەن بىر نەرسە يېيىش ئارقىلىق مادار توپلاش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى. ھەي، قېرى، ئۆزۈڭمىزە تازا ئەخمەقكەنسەن، يەنە بىر تال ئۇچار بېلىقنى يەۋەتسەڭلا بولمىدىمۇ".

پاكىز يۇيۇۋېتىلگەن ئۇچار بېلىق تاختايىنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. ئۇ، سول قولى بىلەن ئۇنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى ۋە بېشىدىن

قۇيرۇقىغىچە قالدۇرماي ئۇشتىخانلىرىغا قەدەر يۇمشاق چايناپ يەۋەتتى.

ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ھەر قانداق بېلىقنىڭكىدىن كۆپ، ماڭا ئېھتىياجلىق كۈچ شۇنىڭدىن چىقىدۇ،- دەپ ئويلىدى بوۋاي،- قىلالايدىغان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولدۇم. ئەمدى ئۇ بۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ ئەدىبىنى تازا بېرىپ قوياي.

دەل كۈن چىقىۋاتقاندا بېلىق بۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇ، بوۋاي دېڭىزغا چۈشكەندىن بېرى قۇياشنىڭ ئۈچىنچى قېتىم چىقىشى ئىدى.

قىيپاش تاشلىنىپ تۇرغان تانا توسىۋالغانلىقتىن، ئۇ بېلىقنىڭ بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى دەماللىققا كۆرەلمىدى. كۈن تېخى ئەتىگەن ئىدى. ئۇ، تانىنىڭ سالمىقى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن يېنىك تارتىپ تۇردى. بىر ئازدىن كېيىن بۇرۇنقىدەكلا تاناپتەك چىڭىپ

كەتتى -دە، گويا ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك كۆرۈندى. شۇڭا ئۇ مۆرىسى بىلەن بېشىنى تانىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن چىقىرىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تانىنى ئىككى قوللاپ غۇلاچلاپ تارتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ماغدۇرسىز ئىككى پۇتى ۋە گەۋدىسى تانىنىڭ تارتىشىغا ئەگىشىپ، ئالدى-كەينىگە ۋە ئوڭ-سولغا دەلدۈگۈنۈپ تۇراتتى.

«بۇ بىر چوڭ چەمبىرەك،- دېدى ئۇ،- بىراق ئۇ بەربىر بۇرۇلدى».

بىردەمدىن كېيىن، ھەرقانداق قىلىپمۇ تانىنى ئۈستىگە تارتالمىدى، بىراق ئۇ، تانىنى يەنىلا مەھكەم تۇتۇقلۇق ئىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆزى كۈننىڭ نۇرىدا تانا ئۈستىدىكى سۇ تامچىلىرىنىڭ ھەر تەرەپكە چاچراۋاتقانلىقىنى كۆردى .ئارقىدىن قارماق تانىسى ئۇنىڭ قولىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. بوۋاي ھاپىلا-شاپىلا

زوڤزيسپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئىلاجسىز ھالدا ئۇنى قاپ-قاراڭغۇ سۇ ئىچىگە قويۇپ بېرىشكە باشلىدى.

» ئۇ چوڭ چەمبىرەك ھاسىل قىلىپ چۆرگىلەۋاتىدۇ"- دېدى ئۇ، ئاندىن: بار كۈچۈم بىلەن تانىغا مەھكەم ئېسىلىۋېلىشىم كېرەك. تانىنى مەھكەم تارتىپ تارالىسالا، ئۇنىڭ ئايلىنىش دائىرىسى كىچىكلەپ بارىدۇ. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئۇنى كۆرەلىشىمۇ مۇمكىن. ھازىرچە ئۇنى ئوبدان كونترول قىلىپ تۇرۇپ، بىردەمدىن كېيىن جەھەننەمگە يوللىماي قويمايمەن، دەپ ئويلىدى.

بىراق بېلىق يەنىلا ئالدىرىماي -تېنىمەي ئاستا-ئاستا چۆرگىلەۋاتاتتى .ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن بوۋاينىڭ پۈتۈن بەدىنى چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلدى. قاتتىق چارچىغانلىقتىن ھەتتا ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ سىرقىراپ ئاغرىماقتا ئىدى. بىراق، شۇ تاپتا چەمبىرەك خېلىلا

كىچىكلەپ قالغانلىقتىن، بوۋاي تاننىڭ يانتۇلۇقىدىن بىلىقنىڭ بىر تەرەپتىن ئۆزۈپ، بىر تەرەپتىن ھەدەپ يۇقىرى ئۆرلەۋەتقانلىقىنى كۆردى.

يەنە بىر سائەتتىن كېيىن، بوۋاي كۆز ئالدىدا تەۋرىنىپ تۇرغان قارا توچكىلارنى كۆردى، بىشىدىن ئاققان تەر ئۇنىڭ كۆزىنى، قاپىقىدىكى ۋە پېشانىسىدىكى جاراھەتلەنگەن جايىنى ئېچىشتۇرماقتا ئىدى. ئۇ، قارا توچكىلاردىن قورقمايتتى. شۇڭا تاننى كۈچەپ تارتقاچ، قارا توچكىلارنىڭ ئادەتتىكىچە ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئەمما شۇ چاغدا ئۇ ئىككى قېتىم بېشى قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، مانا بۇ ئۇنى ئەندىشىگە سالىدىغان ئىش ئىدى.

" مەن بەدىنىمنىڭ ئۆزىنى قويۇۋېتىشىگە يول قويمايمەن، بىر تال بىلىقنىڭ قولىدا ئۆلۈپ

كەتسەم قانداق بولىدۇ؟ -دېدى ئۇ.- مەن ئۇنى ئەپچىللىك بىلەن ئۈستىگە چىقىرىۋالدىم. مېنىڭ بەرداشلىق بېرىشىمنى ئاللادىن مەدەت تىلەيمەن . يۈز قېتىملاپ« بىز خۇدانىڭ بەندىسى» « خەير-ساخاۋەتلىك مەريەم» دەيمەن بىراق ھازىر دېمەيمەن.

بۇرۇن مەن شۇنداق دېگەن،- دېدى ئۇ،- بىردەمدىن كېيىن يەنە شۇنداق دەيمەن.

شۇ ئەسنادا، ئۇ ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇرغان قارماق تانىسى، گويا بىر نەرسە قاتتىق ئۇرۇلغاندەك، كۆچلۈك سىلكىندى.

ئۇ ئۇزۇن تۇمشۇقى بىلەن سىمغا ئۈسۈۋاتىدۇ. بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ئاشۇنداق قىلماي قالمايدۇ، بىراق ئۇ بۇ قېتىم سەكرەپ چىقىدىغان بولسا، ئۇنىڭ يەنە بۇرۇنقىدەك پىرقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇ

ئاشۇنداق بىر -ئىككىنى سەكرەپ ئىچىگە ھاۋا يىغىۋالمىسا بولمايدۇ. لېكىن ئۇ ھەر قېتىم سەكرىگەندە، ئاغزىنىڭ قارماققا ئىلىنغان يېرى كېڭىيىپ كېتىدۇ-دە، ئاخىرى بېرىپ قارماقنى ئاغزىدىن چىقىرىۋېتەمدۇ، دېگىلى بولمايدۇ.

" بولدى سەكرىمە بېلىق،- دېدى ئۇ،- بولدى سەكرىمە"!

بېلىق، توم سىمغا يەنە بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇلدى، ھەر قېتىم ئۇرۇلغاندا، بوۋاي دەلدۈگۈنۈپ قارماق تانىسىنى ئازراق قويۇۋېتەتتى.

مەن چوقۇم ئۇنىڭ جېنىنى قىيناپ باشقا جايغا ماڭغۇزمايمەن. مېنىڭ ئازابلىنىشىمنىڭ كارى چاغلىق. مەن بەرىبىر بەرداشلىق بېرەلەيمەن. بىراق ئۇنى ئاشۇنداق قىيناۋېرىپ ساراڭ قىلماي قويمايمەن.

ئـازراق ۋاقــت ئۆتكەنـدىن كېيىن، بېلىـق، تۇم سىم بىـلەن ھەپىلىششىـتىن تۇختـاپ، ئاسـتا- ئاسـتا ئايلىنىشـقا چۈشـتى. بـوۋاي بولسـا ھەدەپ قارماق تانىسىنى يىغـاتتى، شـۇ تاپتـا ئـۇ بېشـىنىڭ قېيىۋاتقـانلىقىنى سـەزدى-دە، سـول ئـالقىنى بىـلەن دېڭىزدىن سۇ ئېلىـپ پېشانىسـىگە چـاچتى ۋە ھـۆل قولى بىلەن بويىنىنى سۈرتتى.

» مېنىڭ پېيىم تـارتقىنى يوق،- دېدى ئۇ،- دېـدى ئـۇ،- ئـۇ ھـازىرلا سـۇ يـۈزىگە چىقىـدۇ، مەن ئـۇنى تارتىـپ تـۇرالايمەن. تـارتىــپ تۇرمىســامۇ بولمايدۇ، بولدى بۇ گەپنى قويۇپ قوياي« .

ئۇ، قېيىقنىڭ گىرۋىكىگە يۆلىنىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بۇرۇنقىدەكلا قارماق تانىسىنى دولىسىغا ئېلىۋالــدى ۋە: بېلىــق ئايلىنىــپ يــۈرگەن مۇشــۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئازراق ئارام ئېلىـۋالاي، ئـۇ

سۇ يۈزىگە چىققاندا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرساممۇ بولار، دېگەن قارارغا كەلدى.

بىلىقنى ئۆز مەيلىچە ئايلىنىشقا قويۇۋېتىپ، تانىنىمۇ يىغماي قېيىقنىڭ گىرۋىكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىش ئەلۋەتتە بىر كۆڭۈللۈك ئىش. بۇنداقتا، بېلىق قېيىق تەرەپكە كەلمەكچى بولغان چاغدا، بوۋاي ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، تانىنى ئىككى قوللاپ بىراقلا يىغىۋالىدۇ.

» مەن ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك چارچاپ كەتتىم. مانا ئەمدى موسسۇن شامىلى چىقىشقا باشلىدى. موسسۇن شامىلىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى تارتىپ يېنىمغا ئەكىلىۋالساممۇ ئەجەپ ئەمەس. شۇ تاپتا قالتىس تىت-تىت بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

" كېيىن ئۇ ئايلانغان چاغدا يەنە ئازراق ئارام ئېلىۋالاي،- دېدى ئۇ،- شۇ تاپتا خېلى

ئوبدانلا تۇرۇپتمەن. ئۇ يەنە ئككى ئۈچ قېتم ئايلانغاندىن كېين، ئۇنى تۇتۇۋالمەن».

بېلىقنىڭ تولغىنشى بلەن قارماق تانسى سلكنگەنلكتىن، بوۋاي دەلدۈگۈنۈپ قېيىقنىڭ ئوتتۇرسغا بېرىپ قالدى، چىغ قالپىقمۇ دولىسغا چۈشۈپ قالغان ئدى.

هەي، بېلىق، تاننى تارتالغىنىڭچە تارت. سەن ئايلىنىشڭ بلەنلا سېنى تۇتۇۋالمەن.

دېڭىز سۈيى خېلىلا ئۆرلگەن ئدى. بىراق شۇ تاپتا هاۋا ئوچۇق بولغان كۈنلەردە چىقىدىغان مەيىن شامال چىقىۋاتاتتى، بوۋاي، قېيىقنى هەيدەپ قايتقان ۋاقتلاردا مۇشۇنداق مەيىن شامالنىڭ چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

« ئەمدى قېيىقنى غەربىي جەنۇب تەرەپكە بۇرىمسام بولمىدى، - دېدى ئۇ، - يالغۇز ئادەم دېڭىزدا ئېزىپ قالسا بولمايدۇ.

بېلىق ئۈچىنچى قېتىم ئايلىنىپ سۇ يۈزىگە چىققاندىلا، بوۋاي ئۇنى كۆرەلىدى.

ئــۇ ئالــدى بىــلەن قــاپ-قــاراڭغۇ بىــر كۆلەڭگىنى كــۆردى، كــۆلەڭگە بىــر هــازادىن كېيىن، قېيىقنىـــڭ ئاســـتىدىن ئۆتـــۈپ كەتتـــى. بـــوۋاي كۆلەڭگىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

" ناتايىن،- دېدى ئــۇ،- ئــۇ بېلىــق ئــۇنچە چوڭ بولۇشى ناتايىن.

دەرۋەقە بېلىق ھەقىقەتەن چوڭ ئىدى. ئــۇ، بۇ قېتىم بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، 30 مېتىــر يىراقلىقتىكى سۇ يۈزىدە پەيدا بولدى. بوۋاي ئۇنىڭ ســۇ يۈزىــدە تۇرغــان قــۇيرۇقىنى كــۆردى، ئۇنىــڭ كۆپ-كۆك سۇدا كۆرۈنگەن سۇس سۆسـۈن رەڭلىــك قــۇيرۇقى ئەڭ كاتتــا ئورغــاقتىنمۇ چــوڭراق ئىــدى. بېلىــق قــۇيرۇقىنى دىڭگايتىــپ ســۇ يۈزىــدە ئــۈزگەن چاغــدا، بــوۋاي ئۇنىــڭ ھەيۋەتلىــك تېنىــى ۋە پۈتــۈن

بەدنننى ئپراپ تۇرغان سۆسۈن رەڭلك سزنقچلارنى كۆردى. ئۇنڭ دۈمبە ئۈزگۈچ قانتى تۆۋەنگە قاراپ سوزۇلغان بولۇپ، كۆكركى ناھايتى كەڭ ئدى.

بۇ قېتم بېلق ئايلانغان چاغدا، بوۋاي ئۇنڭ كۆزنى ۋە ئۇنڭ يېندا ئۈزۈپ يۈرگەن ئككى تال كۈرەڭ تىرننى كۆردى، تىرنلار بەزدە چوڭ بېلققا يېقن چاپلشپ ئۈزەتتى، بەزدە بولسا تۇيۇقسز نېرى كېتپ قالاتتى، يەنە بەزدە چوڭ بېلقنڭ كۆلەڭگسى ئاستدا ئۇياق-بۇياق چېپشاتتى .تىرنلارنڭ ھەر برى ئۈچ فۇت ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ناھايتى تېز ئۈزگەن چاغلرىدا يلان بېلقلرىدەك پۈتۈن بەدنى ھەرىكەتكە كېلەتتى.

مانا ئەمدى بوۋاي تەرلەشكە باشلىدى، براق بۇ تەرلەرنڭ چقشى قۇياش تەپتنڭ

ئىسسىقلىقدىن ئەمەس ئىدى. بېلىق ھەر قېتىم بەخىرامان ئايلانغاندا، ئۇ قارماق تانىسىنى ئاز-تولا يىغىۋالاتتى. بېلىق يەنە ئىككى قېتىم ئايلانسا، ئۇنىڭ بەدىنىگە، ئارا تىنىش مەزگىلى يېتىپ كېلەتتى.

مەن ئۇنى ئۆزۈمگە بەكرەك يېقىنلاشتۇراي، بەكرەك يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ بېشىغا ئەمەس، بەدىنىگە سالاي.

- قېرى، سالماق، بول، بەرقەس بول-دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە مەدەت بېرىپ، بېلىق يەنە بىر ئاز ئايلانغاندىن كېيىن دۈمبىسى كۆرۈندى، بىراق ئۇ قېيىقتىن يەنىلا يىراقتا ئىدى، ئۇ يەنە بىر ئاز ئايلانغاندىن كېيىن، گەرچە قېيىققا يېقىنلاشمىغان بولسىمۇ، سۇ يۈزىگە چوخچىيىپ چىقتى. بوۋاي ئەمدى قارماق تانىسىنى ئاز-تولا يىغدىغانلار

بولسا، ئۇنى قىيىقنىڭ يېنىغا تارتىپ ئەكىلىشكە بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى.

ئۇ، بىلىق سانچىيدىغان ئارنى خىلى بۇرۇنلا تەييارلاپ قويغان بولۇپ، ئارا سىپىدىكى بىر يۆگەم يۇمشاق تانىنى يۇمۇلاق سىۋەت ئىچىگە سېلىپ، تانىنىڭ بىر ئۇچىنى قىيىقنىڭ باش تەرىپىدىكى دىقماق قوزۇققا چىگىپ قويغان ئىدى.

شۇ تاپتا قىيىققا يېقىنلىشىپ قالغان بىلىق، يوغان قۇيرۇقىنى پۇلاڭلىتىپ بىمالال تۇراتتى. قارىماققا تەمكىن، تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. بوۋاي ئۇنى كۆچەپ تارتىپ، قىيىققا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش ئويىدا بولدى. بىردەمدىن كېيىن بىلىق قىيىق تەرەپكە سەل-پەل سىلجىغاندەك قىلدى-يۇ، بىراق يەنە سوزۇلۇپ ئايلىنىشقا باشلىدى.

«ئۈنى مەن ھەرىكەتكە كەلتۈردۈم،- دېدى بوۋاي،- ئۈنى مەن ھەرىكەتكە كەلتۈردۈم».

بوۋاينىڭ بېشى يەنە ئايلىنىۋاتقاندەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئاشۇ چوڭ بېلىقنى تارتماقتا ئىدى.

ئۈنى مەن ھەرىكەتكە كۆلتۈردۈم. بەلكىم بىڭ قېتىم ئۈنى تارتىپ ئالدىمغا ئەكىلشىم مۇمكىن. تارت، قولۇم، تارت، چىڭ تۇر پۇتۇم! مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاياپمۇ بولسا چىڭراق تۇرغىن بېشىم، بەرداشلىق بەرگىن، ئايلىنىپ كەتسەڭ بولمايدۇ! مەن بۇ قېتىم ئۈنى تارتىپ قېشىمغا ئەكىلىمەن.

بوۋاي بۇ قېتىم پۈتكۈل زېھنى كۈچىنى ئىشلىتىپ، تەييارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى جايىدا ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، بېلىقنى جېنىنىڭ بېرىچە

تارتتى، بېلىق ئازراق قىيسايغاندەك بولدى-يۇ، يەنە ئۆزىنى ئوڭلاپ ئۈزۈپ كېتىپ قالدى.

« ھەي بېلىق،- دېدى بوۋاي،- سەن بەربىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايسەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە مېنى ھالاك قىلىشنى خىيال قىلىۋاتامسەن؟

بۇنداق كېتىۋەرسە ھېچ ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ كالپۇكلىرى قۇرۇپ، سۆز قىلالماس ھالەتكە كېلىپ قالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئەمدى دېڭىزدىن سۇ ئالمىدى.

بۇ نۆۋەت مەن ئۇنى چوقۇم يېنىمغا ئەكەلمىسەم بولمايدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئايلىنىپ يۈرۈشكە تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن.

» ئەمما، سەن ئەبەدىل-ئەبەت ھالاك بولمايسەن،-دېدى ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ.

بېلىق يەنە بىر ئايلانغان ئەسنادا، بوۋاي بېلىقنى تاتىپ ئۆز يېنىغا ئەكىلىشكە ئاز قېلىۋىدى، بېلىق قايتىدىن ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، ئاستا-ئاستا ئۈزۈپ يىراقلىشىۋالدى.

ھەي، بېلىق، مېنى ھالاك قىلماقچى بولىۋاتامسەن؟ راستىنى ئېيتقاندا، سەندە شۇنداق ھوقۇق بار، قېرىنداش مەن ئەزەلدىن سەندىن ئۆتە چوڭ، سەندىن ئۆتە گۈزەل، سەندىن ئۆتە سالماق، سەندىن ئۆتە ئالىيجاناب نەرسىنى كۆرگەن ئەمەسمەن. كەل، مېنى ھالاك قىلامسەن! قېنى كىمنىڭ كىمنى ھالاك قىلىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى...

ھەي قېرى، ھازىر سېنىڭ كاللاڭ ئېلىشىپ قالدى. كاللاڭنى بىر ئاز سەگەكلەشتۈرسەڭلا،

قانداق بەرداشلىق بېرىش لازىملىقنى بىلەلەيسەن. بىر ئەر كىشىگە ئوخشاش ئىش قىلىشىڭ كېرەك بولمىسا بىر تال بېلىقچىلىك بولۇشۇڭ كېرەك.

»كاللام، ئازراق سەگەكلەشكىن!- ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ گەپلەر ھەتتا ئۆزىمۇ ئاڭلىمىغۇدەك دەرىجىدە ئاجىز ئىدى،- كاللام، ئازراق سەگەكلەشكىن«.

بېلىق يەنە ئىككى قېتىم ئايلانغان بولسىمۇ، يەنىلا بۇرۇنقى جايىدىن يېقىنلىمىدى.

ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيۋاتىمەن،- ئۇ ھەر قېتىم خىيال قىلغىنىدا ئۆزىنىڭ يىقىلىپ كېتەي دەپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى، -ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقىنىنى بىلەمەيۋاتساممۇ، بىراق يەنە سىناپ كۆرەي.

دەرۋەقە، ئۇ سىناپ كۆرۈپ، بېلىقنى ئۆز تەرىپىگە بۇراپ تارتاي دەپ تۇرغىنىدا ئۆزىنىڭ

ھەقىقەتەن بولالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بېلىق بولسا قايتىدىن ئۆزىنى رۇسلاپ، ئاستا-ئاستا ئۈزۈپ يىراقلاپ كەتتى. ئۇنىڭ چوڭ قۇيرۇقى يەنىلا بوشلۇقتتا پۇلاڭلايتتى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىككى بېلىگى تېلىپ كېتىۋاتاتتى، لېكىن ئۇ... ۋال-ۋۇل چېقىلغان چاقماقتا قاراپ قايتىدىن غەيرەتكە كەلدى-دە، بېلىق بىلەن يەنە بىر قېتىم ھەپىلىشىپ كۆرمەكچى بولدى.

ئۇ يەنە بىر نۆۋەت سەناپ كۆرمەكچى بولسىمۇ، بۇرۇنقىدەكلا ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى، بەلكى تانىنى تارتا-تارتماستىنلا قولىنىڭ كېرەككە كەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى،" بۇدا يەنە بىر نۆۋەت سىناپ كۆرەي".

ئۇ ھەر قانداق ئازابلىنىشقا چىداپ، ئەينى ۋاقىتلاردىكى جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، ۋۇجۇدىدا

پۏتـۏن كـۏچنى ئشـقا سـبٖلپ، ببٖلقنـڭ ئۆلـۏم ئالدىدىكى جان تالششغا تاقابل تۇردى. ببٖلـق شۇ تاپتا تبٖخمۇ يبٖقنلشـپ، قبٖيقنـڭ تاختييغـا ئۏسەي دەپلا قالغان ئدى. ئۇ دەسلەپتە، قبٖيقنڭ يان تەرپيدىن ئۆتتى. سۆسۏن رەڭ بوغۇملار بلەن ئورالغـان شـۇنچە ئـۇزۇن، شـۇنچە ئبٖگـز، شـۇنچە بەستلك كەلگەن بۇ ببٖلق كۏمۏشتەك پارقرايتتى.

بوۋاي قارماق تانسنى دەسسەپ تـۇرۇپ، ببٖلـق سـانچيدىغان ئـارنى بولۇشـچە ئبٖگـز كۆتـۏردى-دە، بايـاتن ببٖلقنـى تارتـپ يبٖنغـا ئەكلدىغان چاغدىكدىنمۇ بەكرەك كـۏچ تـوپلاپ، ئـارنى ببٖلقنـڭ ئۏزگـۏچ قانتننـڭ ئارقـا تەرپيدىكى بـبٖلگە قـاتتق سـانچدى، ببٖلقنـڭ ئۏزگـۏچ قـانتى تـك كۆتۏرۏلـدى. بـوۋاي تۆمـۏر ئارننڭ ببٖلق تبٖنگە كرگەنلكنـى، شـۇڭا ئـارنى يەنە نقتـاپ ببٖلققـا چوڭقـۇرراق سـانچش

لازىملىقنى ھېس قىلدى ۋە بەدىنىنىڭ سالمىقى بىلەن ئارىنى تېخىمۇ چوڭقۇر سانچىدى.

بېلىق ئۆلۈم ئالدىدا تېپچەكلەپ بىر ھازا جان تالاشتى. ئۇ جان ئاچچىقىدا سۇدىن سەكرەپ چىققاندا، ئۇنىڭ چولۇقى، بەستى، قۇدرىتى ۋە گۈزەللىكى باشقىدىن نامايەن بولدى. بېلىق شۇ تاپتا ئۆزىنى ھاۋاغا ئېسىپ قويغاندەك ھېس قىلاتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ، قاتتىق ئىڭرىغان پېتى سۇغا چۈشۈپ كەتتى   .ئۇنىڭ سۇغا چۈشۈشىدىن ھاسىل بولغان دولقۇن ئۇچقۇنلىرى بوۋايغا ۋە قېيىققا قاتتىق چاچرىدى.

بوۋاينىڭ بېشى قېيىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، ھېچنەرسىنى ئېنىق كۆرەلمىدى .ئۇ ئارىنىڭ سېپىگە چىگىلگەن تانىنى يەشتى، تانا ئۇنىڭ تىتما -تالاڭ بولۇپ كەتكەن قولىدىن ئاستا-ئاستا سىرىلىپ قېيىققا چۈشتى، ئۇ كۆزى

روشەنلەشكەندىن كېيىن، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قورسىقىنى پوسكايتقان ھالدا ئاسمانغا قاراپ ياتقان بېلىقنى كۆردى. قېيىقنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرغان ئارا سېپى بىلەن بېلىقنىڭ گەۋدىسى ئارىسىدا بۇلۇڭ ھاسىل بولغان ئىدى. بېلىقنىڭ تېنىدىن چىققان قان دېڭىز سۈيىگە قوشۇلۇپ سۈس قىزغۇچ رەڭ ھاسىل قىلغانىدى، بۇ رەڭ دەسلەپتە، بىر ئېنگىلىز مىلى چوڭقۇرلۇقتىكى زۇمرەتتەك دېڭىز سۈيىدە قاپ-قارا دوغاپتەك كۆرۈندى، كېيىن بۇ دوغاپ بۇلۇتلارغا ئوخشاش ھەر تەرەپكە تارىلىشقا باشلىدى.

بوۋاي چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۆلۈك ياتقان بېلىققا قاراپ قويۇپ، ئارا سېپىدىكى تانىنى قېيىقنىڭ بېشىدىكى دىڭماق قوزۇققا ئورىدى ۋە بېشىغا ئىككى قوللاپ ئاستا ئۇرغىلى تۇردى.

«  كاللامنى سەگتمسەم بولمدى،- دېدى ئۇ، قېيىقنىڭ بېشى تەرىپىتكى گىرۋەككە يۆلىنىپ تۇرۇپ،- مەن ھېرىپ ھالىمدىن كەتكەن قېرى بولسامۇ، بۇ قېرىنداش بېلىقنى جەھەننەمگە يوللىدىم، مانا ئەمدى جاپالىق ئىشنى قىلىشقا تەييارلانمسام بولمىدى« .

ئەمدى سالما بىلەن ئارغامچا تەييارلاپ، بېلىقنى قېيىقنىڭ يېنىغا باغلاپ قويۇشۇم كېرەك،- دەپ ئويلىدى ئۇ،- بۇ يەردە مەن بىلەن بېلىقتىن باشقا جانلىق يوق. ئۇنى قېيىققا ئالمەن دەپ قېيىقنىڭ ئىچىنى سۇغا توشقۇزۇۋەتسەم، يەنە سۇنى چىقىرىۋېتىمەن دەپ ئاۋارە بولىدىغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بېلىق قېيىققىمۇ پاتمايدۇ. مەن ھەممە ئىشلارنى تەق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى ئالدىمغىراق ئەكىلىپ، مەھكەم باغلىسام، ئاندىن ئۇنى ماچتىنى تىكەلپ، يەلكەننى چىقىرىپ، قېيىقنى ھەيدەپ كەتسەملا بولىدى.

ئۇ، تاننى بېلىقنىڭ ئاغزىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى قېيىقنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاش مەقسىتىدە، ئالدىغا تارتىشقا كىرىشتى.

ئۇنى كۆرۈپ باققۇم، نوقۇپ باققۇم، سىلاپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ. ئۇ مېنىڭ مۈلكۈم-دە، -دەپ ئويلىدى ئۇ،- باياتىن ئارىنى ئۇنىڭ تېنىگە ئىككىنچى قېتىم نىقتىغان چېغىمدا ئارا يۈرىكىگە تاقاشقان ئىدى. ئەمدى ئۇنى يېقىنىراق ئەكىلىپ، ئوبدان باغلاي، بىر تال تانا بىلەن قۇيرۇقىدىن باغلاپ، يەنە بىر تال تانا بىلەن بېلىدىن باغلاپ، قېيىقنىڭ يېنىغا مەھكەم تېڭىۋېتەي.

» قېنى ئىشقا كىرىشكىن قېرى،- دېدى ئۇ ئۆزىگە ۋە ئازراق سۇ ئىچىۋالدى، -جەڭ ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، تېخى قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن جاپالىق ئىشلار بار«.

ئۇ ھاۋاغا بىر قۇر سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن، بېلىققا قاراپ قويدى، ئاندىن قۇياشنى كۆڭۈل قويۇپ ئۇزىتىپ چىقتى.

كۈنمۇ پېشىن بولۇپ قاپتۇ، موسسۇن شاملى چىقىشقا باشلىدى. ئەمدى بۇ قارماق تانىلىرىنىڭ رولى قالمىدى. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، بالا بىلەن بىرلىكتە بۇ تانىلارنى ئوبدان رەتلەپ قوياي».

«كېلە بېلىق» -دېدى ئۇ. بىراق قېرىشقاندەك بېلىق ئۇنىڭ يېنىغا كەلمەستىن، بەلكى بوۋاي، قېيىقنى ھەيدەپ، سۇ ئىچىدە جانسىز تېپچەكلەۋاتقان بېلىققا يېقىنلىشىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇ بېلىققا يېقىنلىشىپ قېيىقنىڭ بېشىنى بېلىقنىڭ بېشىغا توغرىلىغانغا قەدەر، بېلىقنىڭ شۇنچىلىك چولۇققىنى ھەقىقەتەنمۇ ئويلاپمۇ

كۆرمگەن ئدى .ئارقدىن ئۇ : ئارىنىڭ سپپدىكى تتـانىنى قپيقنـڭ بپشـدىكى دىقمـاق قـوزۇقتىن يپشـۋپلىپ، ئـۇنى بپلىقنـڭ سـاقدىن ئۆتكـۏزۏپ ئاغزىدىن چىقاردى.

ئاندىن تۇمشۇق تەرپپـدىن ئايلانـدۇرۇپ، يەنە بـر سـاقىغدىن ئۆتكۏزگەنـدە، ئككـى تـال تـانىنى بـر-بـرىگە چپتـپ، قپيقنـڭ بپشـدىكى دىقماق قوزۇققا چىگىپ قويدى. ئارقـدىن، ئاشقان تـانىنى كپسـۋپلىپ، قپيقنـڭ تۇمشـۇقىغا بپرـپ، بپلىقنـــڭ قـــۇيرۇقنى قپيققـــا باغلـــدى، بپلـــق ئەسـلدىكى سۆسـۏن ئـاربلاش كۏمـۏش رەڭـدىن پۏتۏنلەي كۏمۏش رەڭگە ئۆزگـرىپ كەتكەن بولۇپ، تپنـدىكى بوغـۇمچىلار قۇيرۇقىغـا ئوخشـاش سـۇس سۆسـۏن رەڭـدە ئـدى. بوغـۇمچىلار بەش بـارمىقى يپيلـــپ تۇرغـــان ئالقانـــدىنمۇ كەڭـــرەك ئـــدى. بپلىقنـــڭ كـــۆزى خـــۇددى دۇربۇننـــڭ كۆزىـــدەك پولتييپ چىقىپ تۇراتتى.

«ئۇنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ چارىلەر كېرەك» -دېدى بوۋاي ۋە سۆسۈن سۇدىن ئازراق ئىچكەندىن كېيىن، ئۆزىنى خېلى جانلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھالىدىن كېتىپ قالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ كاللىسى ھېلىھەم خېلى سەگەك ئىدى.

ئۇنىڭ تۇرقىدىن قارىغاندا، 1500 قاداق كېلىغانلىقىدا گەپ يوق. ئۇنىڭدىن ئېغىر بولۇشىمۇ مۇمكىن. مۇبادا، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى ساپ گۆش بولۇپ چىققاندىمۇ، بىر قادىغىنى ئۈچ موچەندىن ساتسام، قانچە پۇل بولار-ھە!

بىرەر تال قېرىنداش بولغىنىدىمۇ ھېسابلاپ كۆرەتتىم. ئەپسۇسكى ھازىر سەل-پەل خارامۇش تۇرىمەن. نېمىلا بولمىسۇن، مەن بۈگۈنكى بۇ ئىشىم بىلەن ماجىئو ئالدىدا ماختىنىشىم مۇمكىن. مېنىڭ

پۇتۇمدا قاداق يوق. بىراق، قولۇم بىلەن دولام تازا ئازاب چەكتى-دە! ... قاداقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. پۇت-قوللىرىمدا قاداق بولسىمۇ بىلمەي يۈرەمدىمەنكىن-تاڭ!

ئۇ بېلىقنى باغلىغان تانىنى قېيىقنىڭ قۇيرۇقى، تۇمشۇقىغا ۋە قېيىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شالغا مەھكەم چىگىۋەتتى. بېلىق ھەقىقەتەن كارامەت چوڭ بولۇپ، گويا بىر قېيىقنىڭ يېنىغا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق يەنە بىر قېيىقنى چېتىپ قويغاندەكلا كۆرۈنەتتى. بوۋاي، بېلىقنىڭ ئاغزى ھىم تۇرسۇن ئۈچۈن . ئېشىپ قالغان بىر تال تانا بىلەن ئۇنىڭ تۆۋەنكى زاڭغىنى تۇمشۇقى بىلەن قوشۇپ تېڭىپ، قېيىقنى ئىككى ياققا قىمىرلىماس قىلىۋەتتى، ئاندىن ماچتىنى تىكلەپ، قارماق تانىسىنى لەيلىتىپ تۇرىدىغان بادرا ۋە تەڭشەكلەرنى تېڭىۋېتىپ، كونا يەلكەننى چىقاردى-دە، قېيىقنىڭ تەرىپىدە پۇتىنى سوزۇپ

گىرۋەككە يۆلەنگەن ھالدا غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

ئۇنىڭغا غەربىي جەنۇب تەرەپنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كومپاسمۇ ھاجەت ئەمەس ئىدى .پەقەت موسسۇن شامىلى بىلەن يەلكەننىڭ يول باشلىشى بىلەنلا ماڭاتتى.

مانا بىرەر كىچىكرەك قارماقتىن بىرەرسى بولغان بولسا دېڭىزغا سېلىۋەتسەم، ئازراق بىر نەرسە تۇتۇپ چىقسا، يېسەم خېلى ھوزۇرلىنىپ قالاتتىم. بىراق ئۇنىڭدا سارتىن بېلىقلىرىمۇ سېسىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ، قېيىق ئۆستىدە كېتىۋېتىپ، ئارا بىلەن بىر پارچە ساغۇچ قىلسىمان يۇسۇننى سۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆستى تەرىپىدىكى ئۇنىدىن ئارتۇق كىچىك راكنى قېيىققا چۈشۈرۈۋالدى. ئارقىدىن ئۇ، پۇتى ئاستىدا ئۇياق-بۇياققا سەكرىشىپ يۈرگەن راكلارنىڭ بېشىنى

ئۈزۈۋېتىپ ئاغزىغا سالغىنچە قاسىرىق ۋە قۇيرۇقى بىلەن قوشۇپ يەۋەتتى .بىچارە راكلار تولىمۇ كىچىك بولسىمۇ، لېكىن يۇمران ۋە تەملىك ئىدى. بوۋاي بۇنى ئەزەلدىن ياخشى بىلەتتى.

ھازىر بوۋاينىڭ بوتۇلكىسىدا ئاخىرقى ئىككى ئوتلام سۇ قالغان ئىدى، ئۇ راكلارنى يەپ بولغاندىن كېيىن، بوتۇلكىدىكى سۇدىن يېرىم ئوتلام ئىچىۋالدى .گەرچە قېيىقنىڭ قېيىقنىڭ يېنىغا باغلانغان ھېلقى بېلىق، قېيىققا خېلى ئېغىر يۈك بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن، بوۋاي قېيىقنىڭ تۇتقۇچىنى بىلىكىگە قىستۇرۋېلىپ قېيىقنى ئوبدان باشقۇرۇۋاتقانلىقتىن، ئۇدۇل كېتىپ باراتتى. ئۇ بېلىققا پات-پاتلا قاراپ قوياتتى ۋە قوللىرىغا سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، دۈمبىسىنى قېيىقنىڭ تۇمۇشۇقىغا ئۇرۇپ قوياتتى. شۇ مىنۇتلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ قىلۋاتقان ئىشىنىڭ شېرىن چۈش بولماستىن، بەلكى كەم-كۇتسىز رېئاللىق

ئىكەنلىكىنى، بېلىقنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە كېتىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى ھەمدە ئىككى قولى بىلەن ئۇمۇرتقىلىرىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ چۈش كۆرمەيۋاتقانلىقىغا گۇۋاھ ئىدى.

نېمىلا بولمىسۇن، ئالقىنىمدىكى قانلار قۇرۇپ بولدى، تۇز سۈيى قولۇمنى ساقايتالايدۇ،- دەپ ئويلىدى ئۇ.- ھەقىقىي دېڭىز قولتۇغىدىكى قاپ-قارا دېڭىز سۈيى ئەملىيەتتە ئەڭ ئۈنۈملۈك دورا ھېسابلىنىدۇ. ئەمدى مەن كاللامنى سەگەك تۇتساملا بولىدى. قولۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىپ بولدى .قېيىقمۇ ئوبدان كېتىپ بارىدۇ. بېلىق ئاغزىنى يۇمۇۋاپتۇ. قۇيرۇقىنى بىر كۆتىرىپ، بىر چۈشۈرۈپ دىڭگايتىپ كېتىۋاتىدۇ، بىز ئىككىمىز پايانسىز دېڭىزدا خۇددى ھەقىقىي قېرىنداشلاردەك كېتىپ بارىمىز. شۇ تاپتا بوۋاينىڭ كاللىسى بىر ئاز خاراموش ئىدى. ئۇ مېنى باشلاپ كېتىۋاتامدۇ ياكى مەن ئۇنى باشلاپ

كېتىۋاتامدىمەن؟ ئەگەر مەن ئۇنى قېيىقنىڭ ئارقىسىغا سۆرىتىپ ئېلىپ ماڭغان بولسامۇ بۇ توغرىلىق سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز ئىدى ياكى بولمىسا ئۇنى قېيىققا بېسىپ ئېلىپ ئېلىپ ماڭغان بولسامۇ ئۇنىڭ كارامىتى يوققا چىقاتتى-دە، بۇ توغرىلىق سۆزلەش تېخىمۇ ھاجەتسىز ئىدى. ئەپسۇسكى، ھازىر مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا كېتىۋاتىمەن. ئۇنىڭغا يول باشلاتقۇزسام، ئۇ ناھايىتى خۇشال بولىدۇ. بىراق مېنىڭ چارە - تەدبىرىم ئۇنىڭدىن داناراق-دە .ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ماڭا قارىتا يامان نىيىتى بار -يوقلۇقىنى نەدىن بىلەي.

ئۇلار دېڭىزدا ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق كېتىپ باراتتى. بوۋاي كاللىسىنى سەگىتىش ئۈچۈن قولىنى ئۈچۈن تۇزلۇق دېڭىز سۈيىگە تىقۋالغان ئىدى. ئۇ ئاسماننىڭ قەرىدە تۇرغان توپ-توپ بۇلۇتلار ۋە لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلارغا قاراپ، كېچىچە

سالقىن شامال چىقىدىغانلىقىنى پەزەر قىلدى. ئۇ قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى سېزىۋېلىش ئويىدا، بېلىقتا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى. بۇ چاغ تۇنجى قېتىمقى لەھەڭنىڭ بېلىقتا قاراپ ئېتىلىپ كېلىشىدىن بىر سائەت بۇرۇنقى ئىش ئىدى.

لەھەڭ تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالمىدى. چوڭ بىر پارچە قارامتۇل قان بىر ئىنگىلىز مىلى چوڭقۇرلۇقتىكى سۇغا چۆكۈپ ئەتراپقا تارالغان چاغدا، چوڭقۇر سۇ ئىچىدە تۇرغان لەھەڭ ھېچنېمىگە قارىماستىن، ناھايىتى تېز ئۈزۈپ زۇمرەتتەك سۇ يۈزىگە كۆتىرىلىپ چىقتى-دە، كۈننىڭ نۇرىنى كۆرگەندىن كېيىن، يەنە سۇ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ پۇراپ ئىز قوغلاپ قېيىق كېتىۋاتقان يۆلۈنۈشكە قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى. بەزىدە ئۇ، بېلىق پۇرىغى كېلىۋاتقان يۆلۈنۈشنى يوقىتىپ قوياتتى. بىراق، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا يەنە پۇراپ

تېپىپ ياكى شۇ تەرەپنى مۆلچەرلىۋېلىپ، قېيىق يۆرۆۋاتقان يۆلۆنۆشتىن ئايرىلماي ئۆزۆپ كېلەتتى.

ئۇ ناھايىتى چوڭ لەھەڭ بولۇپ، ئەڭ تېز ئۆزىدىغان بېلىقلاردىنمۇ تېز ئۆزەتتى. ئۇنىڭ تاڭلىيىدىن باشقا يېرى ئىنتايىن كۆركەم ئىدى. دۆمبىسى يەلكەن بېلىقنىڭكىگە ئوخشاش كۆكۆش، قورسىقى كۆمۆش رەڭ، پوستى پارقىراق، چىرايلىق ئىدى. تۇرقى يەلكەن بېلىققا ئوخشىسىمۇ، چوڭ ئىككى تاڭلىيى ئوخشىمايتتى. تېز ئۆزگەن چاغلىرىدا ئىككى تاڭلىيى تاناپتەك تارتىشىپ كېتەتتى. سۇ ئاستىدا ئۆزگەندە، ئۇنىڭ ئېگىز كۆتىرىلىپ تۇرغان دۆمبە ئۆزگۆچ قانىتى، خۇددى پىچاقتەك، مىدىر-سىدىر قىلماستىن سۇغا قادىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قىيپاش كەلگەن ئۆچ قاتار چىشلىرى كۆپ ئۇچرايدىغان لەھەڭلەرنىڭكىگە ئوخشاش پىرامىدا شەكىللىك بولماستىن، قۇشلارنىڭ تىرنىغا ئوخشايتتى ۋە بىر يەرگە

يىغىلغان چاغدا، ئۇنىڭ شەكلى خۇددى ئادەمنىڭ بارماقلىرىغا ئوخشاپ قالاتتى. چىشلىرى بوۋاينىڭ بارماقلىرىچىلىك ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ئىككى يېنى ئۈستۈنرەك ئۆتكۈر ئىدى. لەھەڭلەر تۇغۇلۇپلا دېڭىزدىكى بېلىقلارنى يەپ چوڭ بولاتتى. ئىنتايىن تېز ئۈزەلەيدىغان، ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىغا ئىگە چوڭ-چوڭ بېلىقلارمۇ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيتتى. شۇ تاپتا بۇ لەھەڭ، قېيىقتا چېتىلغان بېلىقنىڭ پۇرىغىنى يېڭىۋاشتىن ھىدلاپ، بۇرۇنقىدىنمۇ تېز ئۈزۈپ، كۆك رەڭلىك دۈمبە ئۈزگۈچ قانىتى بىلەن سۇنى يېرىپ كېلىشكە باشلىدى.

بوۋاي لەھەڭنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭ ھېچنىمىدىن قورقماي، خالىغىنىنى قىلىدىغان مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شۇڭا ئۇ بېلىق سانچىيدىغان ئارىغا تانا چىگىپ تەييارلاپ

قويۇپ، ئىتلىپ كىلىۋاتقان لەھەڭگە كۆزنى ئۆزمەي قاراپ تۇردى.

شۇ مىنۇتلاردا بوۋاينىڭ مېڭىسى سەگەك، روھي كەيپىياتى نورمال، ئىرادىسى قاتتىق ئىدى، بىراق ئۆمىدى زور ئەمەس ئىدى. ئۇ: بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلار بولسام بەك ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلايتتى. ئۇ لەھەڭنىڭ بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆلۈك ياتقان چوڭ بېلىققا قاراپ قويدى.

بۇمۇ بەلكىم چۈشۈمدۇ. ئۇنىڭ كېلىپ ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشىنى توساپ قالالمىغۇدەك ئەمەسمەن، بەلكىم ئۇنى تۇتۇۋېلىشىممۇ مۇمكىن. ھوي ئاناڭنى ...دېنتۇسو.(بىر خىل ئەشەددىي لەھەڭلەرنىڭ ئىسمى(

لەھەڭ ھايت-ھۇيت دېگىچە قېيىقنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ قالدى ۋە ھېلىقى ئۆلۈك بېلىقنى

قاساشقا باشلىدى. بوۋاي، لەھەڭنىڭ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، چىشلىرىنى قارسىلدىتىپ، ئادەم چۆچۈگىدەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، بېلىقنىڭ قۇيرۇقى تەرەپتىن باشلاپ يەۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. لەھەڭنىڭ بېشى سۇ ئۈستىدە ئىدى، دۈمبىسىمۇ سۇ يۈزىگە كۆتىرىلىپ چىقىۋاتاتتى. بۇ چاغدا بوۋاي، ئارىسىنى دەللەپ ئېپىرىپ لەھەڭنىڭ بېشىغا سانچىدى، ئارىنىڭ نەشتىرى لەھەڭنىڭ قاسىرىقىنى تېشىپ ئۆتۈپ گۆشىگە پاتتى. ئۇنىڭ ئارىسى، لەھەڭنىڭ ئىككى كۆزى ئوتتۇرىسىدىكى سىزىق بىلەن بۇرۇن كۆمۈچىگىنىڭ تۇتاشقان جايىغا يېقىن سانجىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئىككى تال سىزىقنىڭ كېلىشكەن يېرىگە دەل سانجىلمىغان ئىدى. شۇڭا، لەھەڭنىڭ ئۇچلۇق كەلگەن كۆكۈش يوغان بېشى، كۆزى ۋە بېلىقنى كارسىلدىتىپ يەيدىغان چىشلىرى، ئۇزۇن سوزۇلغان تۇمشۇقى، يەمنى يالماپ ئالىدىغان

ئىككى تاڭلىيى شۇ پېتىچە تۇراتتى. بوۋاي، ئارىسىنى يۇلۇۋېلىپ يەنە بىرنى سانچىدى ۋە پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، قانغا بويىلىپ كەتكەن قولى بىلەن ئۆتكۈر ئارىسىنى ھەدەپ نىقتاشقا باشلىدى. ئۇ، لەھەڭنىڭ بېشىغا ئارا سانچىۋاتقان چاغدا ھېچنەرسىنى ئارزۇ قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا بىر خىل قەتئىي ئىرادە ۋە لەھەڭگە بولغان ئىچ-ئىچىدىن قايناپ چىققان ئۆچمەنلىك پەيدا بولغان ئىدى.

لەھەڭ سۇ ئىچىدە تولغىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇغىسىمۇ نۇرسىزلىنىپ كەتكەن ئىدى. شۇ ئەسنادا لەھەڭ بىرلا تولغىنىپ تانىنى بەدىنىگە چىرمىۋالدى .بوۋاي لەھەڭنىڭ ئۆلگەنلىكىنى پەرەز قىلدى. بىراق ئەمەلىيەتتە ئۇ جان تالاشماقتا ئىدى. بىردەمدىن كېيىن، لەھەڭ سۇدا ئوڭدىسىغا يېتىپ، قۇيرۇقىنى ھەدەپ سۇغا ئۇرۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ تاڭلىيى خۇددى موتورلۇق كېمە سۇ يېرىپ

كېتىۋاتقاندەك ئاۋاز چىقىراتتى. ئۇنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن دېڭىز سۈيى داۋالغۇپ ھەر تەرەپكە چاچرايتتى. بىر ئازدىن كېيىن تانا چىڭ تارتىلىپ، لەھەڭنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى سۇ يۈزىگە چىققاندا، تانا تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ كەتتى. لەھەڭ مىدىر-سىدىر قىلماي بىردەم ياتقاندىن كېيىن ئاستا-ئاستا چۆكۈپ كەتتى.

«بېلىقمىدىن ئاران 40 قاداقچىلىكلا يېيەلەپتۇ» - دېدى بوۋاي خۇشال بولۇپ.

مانا ئەمدى تانا بىلەن ئارامنى قوشۇپ ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بېلىقمىنىڭ دۈمبىسىگە قان ئېقىپ قاپتۇ، يەنە باشقا لەھەڭلەرمۇ كېلىپ قالامدۇ-تېخى.

بوۋاي ئىچى سىرىلغان ھالدا، قاسساپ كەمتۈك قىلىپ قويغان بېلىقنىغا قاراپ قويدى،

چۈنكى لەھەڭ بېلىقنى يەۋاتقاندا، ئۇنىڭغا خۇددى ئۆز گۆشىنى يەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلغان ئىدى.

» نېمىلا بولمىسۇن بېلىقىمغا چاڭ سالغان لەھەڭنىڭ جېنىنى ئالدىم. ئەزەلدىن بۇنداق چوڭ دېنتۇسنى كۆرمىگەن ئىكەنمەن. كىم بىلىدۇ، مەن كۆرمىگەن بۇنىڭدىنمۇ چوڭ لەھەڭلەر بارمۇ تېخى. يەنە بىر ئاز چىداشلىق بېرەلىسەم بەك ياخشى بولاتتى. چۈشۈمدە مۇشۇنداق ئىشلارنى كۆرەلىسەم تازا ھۇزۇرلىناتتىم. بۇنداق چوڭ بېلىقنى تۇتالمىغان بولسام، تەنھا ئۆزەم گېزىت سېلىنغان كارۋىتىمنىڭ ئۈستىدە شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈپ ياتقان بولاتتىم.

» بىر ئادەم ھەرگىزمۇ يېڭىلىش ئۈچۈنلا تۇغۇلمايدۇ، سەن ئۇنى ئامال قىلىپ يوقاتمىغان بولساڭ، ئۇنى يېڭەلمىگەن بولاتتىڭ»-دېدى ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا.

» ئشــقلىپ بــۇ بېلقنــى ئۆلتــۈردۈم، ئۇنڭغــا يــۈز كــېلەلەيمەن. مانــا ئەمــدى پــالاكەت باســدىغان چــاغلار يېتــپ كــېلەي دەپ قالــدى، ئۇنــڭ ئۈســتىگە ئارامــدىنمۇ ئايرىلــپ قالــدىم. دېنتۇســۇ دېــگەن بــۇ ئەبــلەخ رەھمســىز، قابــل، كۆچلۈك، زېرەك، ئۇنــداق دېســەممۇ بولمــاس. ھــېچ بولمىغاندا، مەندە ئۇنڭدا يوق قورال بار -دە.

» بۇ ئشلارنى خيال قلمايلا قوي قېرى،- دېدى ئۇ ئاۋازىنى چىقرىــپ،- قېيىقڭنى ھەيــدەپ مېڭىۋەر، بېشڭغا كەلگەننى كۆرمەمسەن«.

بــراق بــۇ ئشــلارنى يەنە ئــويلايمەن. ماڭــا ئويلاشــتىن باشــقا نــېمە چــارە بــار ؟ بــۇ ئشــلاردىن باشــقا، يەنە لېيچــۈرنى ئــويلايمەن. ماجئونــــڭ، ئارنى لەھەڭنىڭ كاللىسىغا سانچىلىدىغانلىقدىن ئبــــــارەت چــــــارەمنى ياقتۇرىـــــــــدىغان- ياقتۇرمايدىغانلىغىمدىن ئبارەت خەۋەرسزمەن.ئۇ

ھېچقانچە ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەسقۇ. ئۇنچىلىك ئىشنى ھەممە ئادەم قىلالايدۇ. بىراق، سەن، قولۇمنىڭ ماڭا كەلتۈرگەن ئاۋارىچىلىقى بىلەن ئوخشاش دەپ قارامسەن-قانداق؟ بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. مېنىڭ تاپىنىم ئەزەلدىن پېششىكەللىككە ئۇچراپ باققىنى يوق. راست، بىر قېتىم سۇ ئۈزۈۋېتىپ بىر بېلىقنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ سىلىشىم بىلەن تاپىنىمنى تىتىۋەتكەنلىكتىن، جېنىم چىققۇدەك ئاغرىپ كەتكەن ئىدى، چۈنكى، ئۇ چاغدا پاقالچىقىم تارتىشىپ قاپتىكەن...ھەي، كۆڭۈللۈك ئىشلارنى خىيال قىلغىن قېرى.

ۋاقىت بىر بىرلەپ ئۆتمەكتە. بوۋاي بارغانسېرى ئۆيگە يېقىنلىشىماقتا ئىدى. 40 قاداق بېلىق گۆشىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ قېيىق تېخىمۇ لەرزان ھالدا ئالغا قاراپ يۈرەتتى.

قېيىق دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا بارغاندا قانداق ئويۇن چىقىدىغانلىقى بوۋايغا بەش قولدەك ئايان ئىدى، ئەمما شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ھېچقانداق چارە قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

"  ھە، چارە تاپتىم،- دېدى ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا،-پىچىقىمنى بىر تال پالاقنىڭ ئۇچىغا باغلىۋالسام بولىدىغۇ".

-  ئەمدى ئەپلەشتى،- دېدى ئۇ،- مېنىڭ بۇ قېرى جېنىم ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئەمدى قۇرۇق قول ئەمەسمەن.

بۇ چاغدا، شامال بىر ئاز كۈچىيىپ قالغان بولۇپ، قېيىق شامالدا، خېلى تېز كېتىپ باراتتى. ئۇ، بېلىقنىڭ باش تەرىپىگە قاراپ چىقىپ، خېلى ئۈمىدلەنگەندەك بولدى.

ئۈمىدسىزلىنىش، ئەخمەقنىڭ ئىشى. ئەمما ھازىرقى ئىشلىرىمنى بىر خىل جىنايەت ھېس

قىلۋاتىمەن، جىنايەت دېگەن گەپنى قويۇپ تۇراي، جىنايەت دەپ ئولتۇرغىنىم بىلەن، ئىشلار كەينى- كەينىدىن كېتىۋاتامدۇ. جىنايەت دەپ ئولتۇرغىنىم بىلەن، ئىشلار كەينى- كەينىدىن كېتىۋاتامدۇ. جىنايەت دېگەن بىلەن مېنىڭ نېمە چاتىغىم. بۇنداق ئىشلارنىڭ جىنايەت ھېسابلىنىدىغانلىقىغا بەكمۇ ئىشىنىپ كەتمەيمەن. ئەمما بىر دانە بېلىقنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئۆزى جىنايەت بولسا كېرەك. گەرچە مېنىڭ بېلىقنى ئۆلتۈرۈشۈم ئۆزۈمنى ۋە بىر مۇنچە كىشىلەرنى بېقىش ئۈچۈن بولسىمۇ، لېكىن ئويلاپ باقسام، چوقۇم جىنايەت ھېسابلىنىدىكەن. بۇنداق قارىلىدىغان بولسا، قىلغانلا ئىشنىڭ ھەممىسى جىنايەت ھېسابلانغۇدەك، بولدىلا، جىنايەت دېگەن خىيال قىلمايلا قوياي .ئەمدى ئويلىسام ئۇمۇ بەك بوشلۇق قىپتۇ. بەزى كىشىلەرغۇ كەچكىچە جىنايەتچىلەرنىڭ ئىشىنىلا ئويلايدۇ. بۇنداق ئىشلارنى شۇنداق ئادەملەر ئويلىسۇن، خۇددى

بېلىق تۇغۇلىشىدىنلا بېلىق بولغىنىدەك، مەنمۇ ئەزەلدىن بېلىقچى تۇرسام، ساك، پېترومۇ ماجىئونىڭ دادىسىغا ئوخشاش بېلىقچىغۇ.

ئۇ ھەمىشە ئۆزى بىلەن ئالاقىدار بولغان ھەممە ئىشلارنى ئويلاشنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ياكى كۆرىدىغان گېزىت-ژۇرنالى، رادىيوسى بولمىغاچقا، ناھايىتى كۆپ ئىشلارنى ئويلايتتى. بولۇپمۇ جىنايەت ئىشىنى بەكرەك ئويلايتتى.

سېنىڭ بېلىقنى ئۆلتۈرۈشتىن مەقسىدىڭ ئۆزۈڭنى باشقۇرۇشتىن باشقا، ئۇنىڭ گۆشىنى سېتىپ باشقا نەرسىلەرنى ئېلىش. بېلىقچى بولغىنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن شەرەپ ھېس قىلىسەن. ئۇ تىرىك ۋاقتىدا سەن ئۇنى ياخشى كۆرىسەن. ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىسەن، ياخشى كۆرۈپ

تۈرۈپ يەنە ئۈنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن شەرەپ ھېس قىلىسەن .ياخشى كۆرۈپ تۈرۈپ " يەنە ئۈنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىق جىنايەت ھېساپلانىمامدىكەن. ئۈنىڭدىن باشقا يەنە قانداق ئىش جىنايەت ھېسابلىناتتى«.

» نېمانچە كۆپ ئىشلارغا باش قاتۇرىسەن، قېرى»- دېدى ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا.

سەن ئۇ لەھەڭنى ناھايىتى رازىمەنلىك بىلەن ئۆلتۈردۈڭ، ئۇمۇ ساڭا ئوخشاشلا تىرىك بېلىقلارنى يەپ جان بېقىدۇ. ئۇ چىرىپ قالغان نەرسىلەرنى يەيدىغان ھايۋان ئەمەس. بەزى لەھەڭلەرگىمۇ ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ نەپسى، ئاشۇنداق تىرىككە ئامراق. ئۇ گۆزەل، ئالىيجاناب ھېچنەرسىدىن قورقمايدۇ.

» مېنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشۈم ئۆزۈم ئۈچۈن،- دېدى ئۇ خۇشال بولغان هالدا،- ئۇنى بەكمۇ ئەپچىل جايلىدىم«.

تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، سەن ئۇنى يوقاتمىساڭ، ئۇ سېنى يوقىتىدۇ. بېلىق بىر تەرەپتىن، مېنى باقسا، يەنە بىر تەرەپتىن مېنى هالاك قىلىدۇ. مەن ئۆزۈمنى هەددىن ئارتۇق ئالدىماسلىقىم كېرەك.

ئۇ قېيىقنىڭ گىرۋىكىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ، ئۆلۈك بېلىقنىڭ تېنىدىكى لەهەڭ قاساپ كەتكەن جايىدىن، بىر پارچە گۆش ئۇنىڭغا خۇددى هايۋاناتلارنىڭ گۆشىدەك تەملىك تۇيۇلدى. گۆش چىڭ هەم سۇلۇق بولۇپ، ئانچە قىزىل ئەمەس ئىدى. گۆشتە سىڭىرلار ئانچە كۆپ بولمىغاچقا، بوۋاينىڭ ئۇنى يۇقىرى باهادا ساتالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى.

توختىماي چىقىۋاتقان شامال، شەرقىي شىمال تەرەپكە سەل-پەل بۇرۇلغان ئىدى .ئۇ شامالنى توسىغلى بولمايدىغانلىقىنى ئۆبدان چۈشىنەتتى. شۇ تاپتا ئۇ، ئالدى تەرەپكە نەزەر سالغان ئىدى، ئالدى تەرەپتىن يا بىرەر يەلكەن، يا بىر قېيىق، ھەتتا قېيىقتىن چىقىۋاتقان تۈتۈنلەرمۇ كۆرۈنمىدى. پەقەت ئۇچار بېلىقلار بىر نەرسىدىن ئەندىشە قىلغاندەك، ئىككى تەرەپكە سەپسېلىپ ئۇچۇپ كېتىپ باراتتى. سارغۇچ، قىلسىمان يۇسۇنلار يەلپۈنۈپ تۇراتتى. شۇ تاپتا بىرەر يېرىم قۇشمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ئۇنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقىنىغا ئىككى سائەت بولغان ئىدى. بوۋاي ئۆبدانراق ئارام ئېلىپ ئۆزىگە كۈچ توپلاش ئۈچۈن، قېيىقنىڭ تۇمشۇق تەرىپىدە ئارام ئالغاچ ساقاڭقۇر بېلىقنىڭ گۆشىدىن ئازراق يۇلۇۋېلىپ چاينىماپ ئولتۇرغىنىدا، ئىككى دانە لەھەڭنىڭ بىرىنى كۆردى-دە:

" ئاپلا!» ـدەپ تووۋلـۋەتتى. ئـۇ شـۇنداق قـاتتىق تووۋلـدىكى، ئۇنـىڭ ئـاۋازىنى ئىپـادىلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقانـدا، بۇ ئاۋاز بىراۋنىڭ قولىنى ياغاچتا مىخلىغـان چاغـدا ئىختىيارسـىز ۋايسـاپ چىقىـدىغان ئاۋازغـا بەكمـۇ ئوخشايتتى.

» مانـازو! ﴾ لەھەڭلەرنـىڭ بىـر تـۈرى ﴿ ـ دېدى ئۇ قاتتىق ئاۋازدا. ئۇ دەسلەپ لەھەڭلەرنـىڭ ئۆزگـۈچ قـانىتىنى كـۆردى ۋە ئۇلارنـىڭ ئـۈچ بۇلـۇڭ شـەكىللىك قوڭـۇر رەڭ ئۆزگـۈچ قـانىتى بىـلەن پـۇلاڭلاپ تۇرغـان قۇيرۇقىغـا قـاراپ، بـۇ ئىككـى لەھەڭنىڭ ساپان بـاش لەھەڭلەردىـن ئىكەنلىكىنـى بايقـدى. ئەسلىدە بىـر ئىككـى لەھەڭ ئـاچلىقتىن ھاڭۋېقىپ يۈرگىنىدە، بېلىق پۇرىقىنى سېزىپ قىن- قىنىغـا پاتمـاي كەتـكەن، ئارىـدا يۆلۈنۈشـتىن سـەل ئادىشـىپ قېلىـپ، كېيىن يەنە نىشـاننى بايقىغـان،

مانا ئەمدى قېيىق تەرەپكە قاراپ ھەدەپ ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى.

بوۋاي، يەلكەننىڭ ئاستە تەرىپىدىكى تانىنى چىگىپ قويۇپ قېيىقنىڭ تۇتقۇچىنى مەھكەم چىڭتۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇچىغا پىچاق باغلانغان پالاقنى ئېلىپ ئاستا ئېگىز كۆتەردى، چۈنكى ئۇنىڭ قولى بەك ئاغرىۋاتقاچقا تازا كارغا كەلمەيۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ قولىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنىغا چىداپ، پالاقنى مەھكەم سىقىپ تۇتقىنىچە لەھەڭنىڭ كېلىشىنى دىققەت بىلەن كۈتۈپ تۇردى. ئۇ، لەھەڭلەرنىڭ كەپكۈرگە ئوخشاش يوغان ۋە ياپىلاق بېشىنى ھەمدە ئاق رەڭلىك ئۇچلۇق ئۈزگۈچ قانىتىنى كۆردى. ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان سېسىق پۇراقلىق بۇ لەھەڭلەر، ياۋايى ۋە قانخور بولۇپ ئېچىرقاپ كەتكەن چاغلىرىدا پالاقنى، ھەتتا قېيىقنىڭ رولىنىمۇ غاجايتتى. دېڭىز تاشپاقىلىرى دېڭىز ئۈستىدە

ئۇخلاپ قالغاندا ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى يەپ قاچاتتى. ئادەمنىڭ بەدىنىدە بىلىق پۇرىقى ۋە شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كېپى كەلگەندە سۇ ئۈزۈپ يۈرگەن ئادەملەرنىمۇ چىشلەيتتى.

» ھىم! ...-دېدى بوۋاي لېۋىنى يىمىرىپ،- مانازو، كېلە، مانازو«

لەھەڭلەر يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرسى قېيىقنىڭ ئاستىدىكە كۆرگىلى بولمايدىغان جايغا كىرۋېلىپ، ئۆلۈك بېلىقنى قاساشقا باشلىدى. بوۋاي ئەھۋالنى ئۇقماي، قېيىق داۋالغۇۋاتسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدى، يەنە بىرسى بولسا، سېرىق كۆزلىرى بىلەن بوۋايغا قاراپ قويۇپ، قېيىقنىڭ يېنغا ئۇچقاندەك ئېتىلىپ باردى-دە، يېرىم چەمبىرەك شەكىللىك يوغان ئېغىزىنى ئېچىپ، ئۆلۈك بېلىقنىڭ ئالدىنقى لەھەڭ يەپ كەتكەن يېرىنى غاجاشقا باشلىدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ قوڭۇر رەڭ بېشى،

پاتڭى ۋە مېڭسى بلەن يۇلۇنى تۇتاشقان جايلاردا ناھايتى روشەن سزنقچلار پەيدا بولغان ئدى. بوۋاي، پچاق باغلانغان پالاقنى دەسلەپ ئۇنكڭ مېڭسى بلەن يۇلۇنى تۇتاشقان جايغا، كېين مۈشۈكنڭكگە ئوخشاش سېرىق كۆزگە سانجدى.

لەھەڭ، بېلقنى غاجاشتن توختاپ، ئۇنڭ ئۈستدن سېرلپ چۈشتى ۋە جان ئۈزۈش ئارلغدا چايناۋاتقان بېلق گۆشنى يۇتۇۋەتتى.

يەنە بر لەھەڭ تېخچە ئۆلۈك بېلق ھەپلشۋاتقانلقدن، قېيق ھەلھەم داۋالغۇماقتا ئدى، شۇڭا بوۋاي، يەلكەننڭ تۆۋەن تەرەپتكى تانسنى بوشتۋېتپ، لەھەڭنى قېيقنڭ ئاستدن چقرش مەقستدە قېيقنى بر تەرەپكە قيساتتى. لەھەڭ كۆرۈنگەندن كېين، بوۋاي قېيقنڭ گرۋكدن ئېگلپ تۇرۇپ،

پېچاق باغلانغان پالاقنى لەھەڭگە سانچىدى. لەھەڭنىڭ تېرىسى يىرىك بولغاچقا، پېچاق ناھايىتى تەسلىكتە سانچىلدى. شۇڭا، بوۋاينىڭ قوللىرى ئەمەس، بەلكى گەۋدىسىمۇ قاتتىق ئاغرىدى. ئارقىدىن لەھەڭ بېشىنى شاپپىدە كۆتۈرۈپ، ئۆلۈك بېلىققا يېقىنلىشىۋاتقان چاغدا، بوۋاي، پېچاقنى ئۇنىڭ ياپىلاق بېشىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كۆزلەپ ئارقا-ئارقىدىن ئىككى قېتىم ھانچىدى، لېكىن لەھەڭ ھامان بېشىنى كۆتەرمەستىن بېلىقنى قاسماقتا ئىدى، بوۋاي ئۇنىڭ سول كۆزىگە يەنە سانچىغان بولسىمۇ، لەھەڭ ئۆلۈك بېلىقنى يەنىلا قويۇۋەتمىدى.

« نېمە بولۇۋاتىدۇ» -دېدى بوۋاي ۋە پېچاقنى لەھەڭنىڭ ئومۇرتقىسى بىلەن بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا غەزەپ بىلەن ئۇردى. بۇ نۆۋەت پېچاق ئوڭايلا كىردى :لەھەڭنىڭ كۆمۈرچىگى ئۈزۈلدى بولغاي، دەپ ئويلىدى بوۋاي ۋە پېچاقنى

لەھەڭنڭ ئككى تاڭلييىنڭ ئوتتۇرسغا تەڭلەپ ئۇرۇپ ئاغزنى يرتۋەتمەكچى بولۇۋېدى، لېكن لەھەڭ بر شۇڭغۇپلا سۇغا كرىپ كەتتى.

"  كېتە، كېتە، مانازو. بر ئېنگلز ملى چوڭقۇرلۇقتا كرىپ كەت. بېرىپ دوستۇڭ بلەن كۆرۈش. ئۇ دوستۇڭ ئاناڭدۇ بەلكم »-دېدى بوۋاي شاتلنپ.

ئۇ پچغنى سۇغۇرۇۋېتپ پالاقنى قويۇپ قويدى ۋە ئاستى تەرەپتكى تاننى چگپ، يەلكەننى تارتپ، قېيقنى بۇرۇنقى يۆلۈنۈش بويچە ھەيدەپ ماڭدى.

بۇ لەھەڭلەر بېلقمنڭ تۆتتن برنى يەپ كەتتى، يەنە كېلپ تازا ياخشى يەرلرنى يەۋالدى،- دېدى ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا،- مەن بۇنڭ بر شېرن چۈش بولۇشنى ئۈمد قلمەن، مەن ئۇنى قېيقتا ئېلۋالسام بوپتكەن. ھەي بېلق، مەن

بۇنداق ئىشقا تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن، باشتىلا خاتا قىلغانمەن-دە.

- بوۋاي، سۆزىنى توختاتتى-يۇ، لېكىن بىلىققا قاراشنى خالىمىدى. بىلىقنىڭ تېنىدىكى قانلار ئېقىپ بولغان ئىدى. بوۋاي، بىلىقنىڭ ئەينەكتەك پارقىراۋاتقان كۈمۈش رەڭگىگە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ تېنىدىكى سىزىقچىلار بۇرۇنقىدەكلا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

- ھە بىلىق، قېيىقنى، ئۇنچە ئۇزۇن يەرگە ھەيدەپ بارمىسام بوپتىكەن،- دېدى ئۇ يەنە مۇراجىئەت قىلىپ، -شۇنچە يىراققا بېرىشىم سېنى كۆزلىگەنلىگىمدىنمۇ ياكى ئۆزۈمنى كۆزلىگەنلىگىمدىنمۇ ئەمەس، مانا ئەمدى قايتماق تازا ھار كېلىۋاتىدۇ-دە! ھەي، بوپتىلا،- بوۋاي پىچاقنى تاڭغان تانىسىغا ساقمىكىن دەپ قاراپ قويدى،- ئەمدى قولۇمنى ئۇبدانراق ئاسراي،

تېخمۇ باش ئاغرىتىدىغان ئىشلار يەنە چىقىشى مۇمكىن. پىچاقنى تاشقا بىلىۋالىغان بولسام ئەجەپ ياخشى بولاتتى-ھە! بىرەر پارچە تاش ئىلىۋالسام بوپتىكەن. ئىلىپ كېلىشكە تېگىشلىك بىر مۇنچە نەرسىلەرنى ئېپكەلمەيسەن قېرى. ھازىر يوق نەرسىلەرنى خىيال قىلىدىغان چاغ ئەمەس. يېنىڭدا بار نەرسىلەر بىلەن قىلغىلى بولىدىغان ئىشلارنى خىيال قىل، دەپ ئويلىدى ۋە قېيىقنىڭ تۇتقۇچىنى جەينىكىنىڭ ئارىسىغا قىسۋېلىپ ئىككى قولىنى سۇغا چىلىغان پېتى كېتىۋاتقان قېيىققا بىر پەس قاراپ تۇردى.

- كېيىنكى لەھەڭنىڭ بېلىقىمنىڭ قانچىلىك يېرىنى يەپ كەتكەنلىكىنى خۇدا بىلىدۇ، ئىشقىلىپ، قېيىق ھازىر خېلى يەڭگىللەپ قالدى،- بوۋاي، كەمتۈك بولۇپ قالغان بېلىقى ئۈستىدە ئويلىنىشنى خالىمايتتى ۋە لەھەڭلەر ھەر قېتىم ئېتىلىپ كەلگەندە بېلىقتىن بىر مۇنچە يۇنۇپ

قاچىدىغانلىغىنى، شۇ تاپتا ئۆلۈك بىلىقنىڭ دېڭىز يۈزىدىكى داغدام يولغا ئوخشاش، بارلىق لەھەڭلەر قوغلايدىغان بىر يولغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

- بۇ بىلىق بىر ئادەمنىڭ بىر قىش يېيىشىگە يېتىدۇ،- بوۋاي يەنە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى،- ھەي، ئەخمەق خام خىيال قىلما، ئۇندىن كۆرە. ئاراق ئارام ئېلىپ قولۇڭنى ئوڭشاپ ئاشقان بىلىق گۆشىنى ئوبدان ساقلا... سۇدىكى شۇنچە كۆپ پۇراق ئالدىدا مېنىڭ قولۇمدىن چىققان قاننىڭ پۇرىقى ھېچ گەپ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولۇمدىن ئۇنچە كۆپ قان ئاقمىدى. قولۇمنىڭ ئانچە-مۇنچە تىتىلىپ كېتىشىنىڭ كارى چاغلىق. قولۇمدىن قان چىقسا سول قولۇمنىڭ پېيى تارتمايدۇ. ئەمدى مەن نېمە ئىشلارنى ئويلىشىم كېرەك؟ ئويلايدىغان ھېچ ئىش يوق. ئۆلۈك بىلىقنى ئويلىماي، لەھەڭنىڭ كېلىشىنى

كۆتۈپ تۇراي. مەن راستىنلا بۇنىڭ بىر چۈش بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.  كىم بىلىدۇ، نەتىجە تېخى ناھايىتى ياخشى بولۇپ چىقامدۇ.

- ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر دانە ساپان باشلىق لەھەڭ كەلدى. بۇ لەھەڭ ئەينى ئوقۇرغا يۆگۈرگەن چوشقىدەكلا ئېتىلىپ كەلدى. ئەگەر چوشقىنىڭ ئاغزى ئەگەر بۇ لەھەڭنىڭكىدەك چوڭ بولىدىغان بولسا ئۇنىڭ ئاغزىغا ئادەمنىڭ بېشىمۇ بىمالال كىرىپ كەتكەن بولاتتى. بوۋاي دەسلەپتە لەھەڭنىڭ بېلىقنى يېيىشكە سەل يول قويىدى-دە، ئاندىن پىچاق باغلانغان پالاقنى ئۇنىڭ كاللىسىغا سانچىدى. ئەپسۇسكى، لەھەڭنىڭ بىرلا تولغىنىپ ئۆزىنى ئارقىسىغا ئېتىشى بىلەن بوۋاي پىچاق "قارس" قىلىپ سۇنۇپ كەتتى.

- بوۋاي ئىلاجىقسىزلىقتىن رول بىلەنلا بولۇپ، بۇ يوغان لەھەڭگە قاراپمۇ قويمىدى. لەھەڭ بولسا ئاستا-ئاستا سۇغا چۆكۈپ كەتتى.

»- مېنىڭ يەنە قارمىقىم بار،- دېدى ئۇ،- بىراق ئەمدى ئۇ ئەسقاتمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر جۈپ پالىقىم، بىر دانە رول تۇتقۇچۇم ۋە بىر تال قىسقا كالتىكىم بار«.

ئۇلار بۇ قېتىم مەندىن غالىپ كەلدى. مەن ياشىنىپ قالغان ئادەم، لەھەڭنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگۈدەك ئەھۋالىم يوق. لېكىن شۇنداقتىمۇ پالىقىم، كالتىكىم ۋە رول تۇتقۇچۇملا بولىدىكەن، ئامال قىلىپ جەزمەن ئۇنىڭ جېنىنى ئالىمەن!

بوۋاي ئولتۇرۇپ قولىنى يەنە سۇغا چىلىدى، ئاستا- ئاستا گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىدى. ئەمدى دېڭىز بىلەن ئاسماندىن باشقا

شامال. بولمايتتى كۆرگىلى ھېچنەرسىنى ئاۋۋالقىدىن كۈچىيىپ قالغان ئىدى. بوۋاي قۇرۇقلۇقنى تېزرەك كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى.

«سەن ھېرىپ كەتتىڭ، قېرى،-دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە،- پۈتۈن بەدىنىڭ چارچىدى».

بىردەمدىن كېيىن يەنە ئىككى لەھەڭ ئېتىلىپ كەلدى. ئۇلار بىر-بىرىگە ياندىشىپ ھالدا قېيىققا قاراپ ئۈزۈپ كېلىۋاتاتتى.

بوۋاي رولنى بۇراپ چىگىۋېتىپ، قېيىقنىڭ تۇمشۇق تەرىپىدىكى كالتەكنى ئوڭ قولىغا ئالدى. بۇ كالتەك سۇنۇپ كەتكەن پالاقنىڭ سېپى بولۇپ، تەخمىنەن ئىككى يېرىم پۇت ئۇزۇنلۇقتا ئىدى. سېپىدا تۇتقۇچى بار ئىدى. لەھەڭنىڭ ھەر ئىككىسى مانازو ئىدى.

ئاۋۋال بىرىنچى لەھەڭ، ئۆلۈك بېلىققا چاپلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇرنىغا ياكى

كاللىسىغا كېلىشتۈرۈپ سالاي، دەپ ئويلىدى بوۋاي.

لەھەڭلەر تەڭلا كېلىپ، بىرسى ئالدى بىلەن ئۆلۈك بېلىقنىڭ كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان قورسىقىغا ئېتىلدى. بوۋاي كالتەكنى بولۇشىغا ئېگىز كۆتۈرۈپ، لەھەڭنىڭ يوغان بېشىغا جېنىنىڭ بېرىچە ياكى تۆمۈردەك ئۇستىخانىغا ئۇرغاندەك ھېس قىلدى. لەھەڭ، بېلىقنىڭ ئۈستىدىن سېرىلىپ چۈشۈۋاتقاندا، بوۋاي يەنە ئۇنىڭ بۇرنىغا بار كۈچى بىلەن بىرنى سالدى.

بىر كۆرۈنۈپ، بىر غايىپ بولۇپ تۇرغان ئىككىنچى لەھەڭ شۇ ئەسنادا پەيدا بولۇپ، ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە ئېتىلىپ كەلدى، ئۇ، ئۆلۈك بېلىقنى چىشلەپ كۈچەپ تارتىۋاتقاندا، بوۋاينىڭ كۆزى ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ بۇرجىكىدىن چىقىپ تۇرغان ئاپپاق بېلىق گۆشىگە چۈشتى.

بوۋاي كۆزلەپ تۇرۇپ لەھەڭنىڭ بىشىغا كالتەك بىلەن بىرنى سالدى. لەھەڭ بوۋايغا بىر قاراپ قويۇپ ئاغزىغا قاپلىۋالغان بىلىق گۆشىنى يۇلۇپ چىقتى ۋە گۆشىنى چىشلىگەن پىتى قاچاي دەپ تۇرۇشىغا بوۋاي، كالتەك بىلەن يەنە بىرنى سالدى. بىراق بۇ قېتىم كالتەك، لەھەڭنىڭ رىزىنكىگە ئوخشاش سىمىز ۋە چىڭ يىرىگە تەگدى.

» كىلە مانازو،- دىدى بوۋاي،- يەنە كىلە«.

لەھەڭ يەنە يىنىپ كىلىپ ئاغزىنى ئېچىشىغا بوۋايدىن كالتەك يىدى. بۇ قېتىم ئۇ كالتەكنى تازا ئىگىز كۆتۈرۈپ ئەپلەپ تۇرۇپ، لەھەڭنىڭ كاللىسىغا كەينى-كەينىدىن نەچچىنى سالدى. لەھەڭ بىر پارچە گۆشىنى يۇلۇۋېلىپلا تىكۋەتتى.

بوۋاي لەھەڭلەر يەنە كەيىنگە يېنىپ كېلەمدۇ -يوق، دەپ زەڭ قويۇپ قاراپ تۇردى، لېكىن ئۇلار ئەمدى قايتىپ كەلمدى. بىردەمدىن كېيىن بوۋاي ئۇلاردىن بىرىنىڭ سۇدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى، يەنە بىرىنىڭ ئۈزگۈچ قانتى يوقلۇقىنى كۆردى.

مەن لەھەڭلەرنى ئۆلتۈرۈشتىن ئۈمىد قىلمىدىم،- دەپ خىيالدىن ئۆتكۈزدى ئۇ، - بۇرۇنقىدەك ياش بولغان بولسامغۇ ئۇ نەرسىلەرنىڭ كۈلىنى كۆككە سورىغان بولاتتىم. بىراق، نېمىلا بولمىسۇن قاتتىق جاراھەتلەندۈردۈم، ئەمدى ئۇنىڭ بىرسمۇ ئوبدان كۈن كۆرەلمەيدۇ. ئەگەر مەندە لېيچۇر ئوينايدىغان كالتەكلەردىن بىرەرسى بولىدىغان بولسا، ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بىرنى سالسام، بىرىنچى لەھەڭ گەپ-سۆزسىز جەھەننەمگە يول ئالاتتى. ھەي، ھازىر شۇنداق كالتىكىم بولغان بولسا-ھە!

ئۇ ئەمدى بېلىقنىڭ يېرىمى دېگۈدەك لەھەڭلەرگە يەم بولۇپ كەتكىنىنى بىلەتتى.

» ھازىرلا قاراڭغۇ چۈشىدۇ،- دېدى ئۇ،- ئەمدى بىردەمدىن كېيىن ھاۋانىڭ چىراقلىرى كۆرۈنىدۇ. ئەگەر شەرق تەرەپكە تېخىمۇ ئۇزۇنراق ماڭغان بولسام دېڭىز ساھىلىدىن چاقنىغان چىراق نۇرلىرىنى كۆرەلىگەن بولاتتىم«.

ھازىر پورتقا ئۇزۇن قالمىغان بولسا كېرەك. مەن خەقلەرنىڭ مەندىن ئەندىشە قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. دەرۋەقە، ھېلقى بالا ئەندىشە قىلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ ماڭا ئىشەنچ قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن. بىر مۇنچە بېلىقچى قېرىلارمۇ ئەندىشە قىلىدۇ. مەندىن ئەندىشە قىلىدىغان يەنە بىر مۇنچە ئادەملەر بار .مېنىڭ قوشنىلىرىم ھەققەتەن ياخشى كىشلەر.

ئۇنىڭ چوڭ بېلىقى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ھالەتكە گىرىپتار بولغانلىقتىن، بۇۋاي ئەمدى ئۇنىڭغا گەپ قىلمايتتى.

شۇ ئەسنادا توساتتىن ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئىش كەلدى.

« ھەي يېرىم بېلىق، - دېدى ئۇ، - سەن ئەسلى پۈتۈن ئىدىڭ، ئەپسۇسلىنىدىغىنىم، بەك يىراققا كېتىپ قاپتىمەن».

بۇ ئىش ساڭىمۇ، ماڭىمۇ زىيان بولدى. بىراق ئىككىمىز بىر مۇنچە لەھەڭلەرنىڭ جېنىنى ئالدۇق. بىر مۇنچىسىنى تازا ئەپلىدۇق. ھەي بېلىق، ھەن زادى قانچىلىك تىرنىنىڭ جېنىغا زامىن بولغانسەن؟ سېنىڭ تۇمشۇقىڭ بىكارغا ئۆسمىگەن -دە! بۇ ھامان ئۆلگەن بېلىق ئۈستىدە، مۇبادا ئۇ بىمالال ئۈزۈپ يۈرەلىگەن بولسا، قانداق قىلىپ بىر

لەھەڭگە تاقابىل تۇرالايدىغانلىقى ئۆستىدە سۆرۆشكە قىزىقاتتى.

ئۇنىڭ تۇمشۇقىنى كېسىۋېلىپ، لەھەڭ بىلەن ئېلىشقاندا ئۇنى ئىشلەتسەم بوپتىكەن،- دەپ ئويلىدى ئۇ،- ئەپسۇسكى، قېيىقتا پالتا يوق، ئۇنى ئاز دەپ پىچاقتىنمۇ ئايرىلىپ قالدىم. مەن باشتىلا ئۇنىڭ تۇمشۇقىنى كېسىۋېلىپ، پالاقنىڭ ئۇچىغا باغلىۋالغان بولسام تازا ئەپچىل قورال بولاتتى. ئۇنداقتا لەھەڭ بىلەن ئىككىمىز بىرلىكتە ئېلىشقان بولاتتۇق. لەھەڭلەر ئەمدى كېچىدە كېلىپ قالسا قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بۇنىڭغا نېمە چارە؟

» ئۇلار بىلەن ئېلىشىش كېرەك!- دېدى ئۇ،- بۇ نەرسىلەرنىڭ جېنى چىققىچە ئېلىشىمەن« .

ئەمدى ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باسقان بولۇپ، ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. چىراق نۇرلىرىمۇ

كۆرۈنمەيتتى. شامال چىقىۋاتقانلىقتىن، يەلكەن گۆرۈلدەپ تۇراتتى .ئۇ ئۆزىنى ئېھتىمال ئۆلگەن بولسام كېرەك، دەپ ئويلىدى ۋە ئالقىنىنى سىلاپ كۆرۈپ، ئىككى قولىنى يۇمۇۋالدى. ئۇنىڭ ئىككى قولى ئۆلمىگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ ئىككى قولىنى يۇمۇپ ۋە ئېچىپ باققاندىن كېيىن قولىنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئاخىردا قېيىقىنىڭ تۇمشۇقىغا يۆلەنگەندىن كېيىنلا، ئۆزىنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى ئىككى گەجگىسى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرغان ئىدى.

مۇشۇ بىلىقنى تۇتۇۋالسام، جەزمەن بارلىق دۇئا- تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر قېتىم باشتىن-ئاخىر ئوقۇپ چىقىمەن، دەپ ۋەدە قىلغانتىم. بىراق ھازىر چارچاپ گەپ قىلغۇدەك مادارىم قالمىدى. ئەمدى تاغارنى دولامغا تاشلاپ ئارام ئالغىنىم تۈزۈك، دەپ ئويلىدى. ئۇ قېيىقىنىڭ

تۇمشۇقىغا يېتىپ، رولىنى باشقۇرغاچ ئۇچۇۋېتىپتۇ. قىزىل نۇرنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە سەپسېلىپ تۇردى ۋە : يەنە يېرىم بېلىقىم بار. ھەر نېمە بولسا تەلىيىم بار ئىكەن، بېلىقنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى ئېلىپ قايتىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىدى.

« ئەسلى مېنىڭ تەلىيىم بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى، بىراق بۇ دورەم دېگەندەك تەلىيىم كەلمىدى،- دېدى ئۇ،- بەك يىراققا بارىمەن دەپ تەلىيىمگە توپا سالدىم... قالايمىقان ق؟جۆيلىۋمە، سەگەك ئولتۇرۇپ رولىنى ئوبدان باشقۇر، ساڭا يەنە ئامەت كېلەمدۇ-يوق، بۇنى بىلمەيسەن... ئەگەر تەلەي ساتىدىغان يەر بولسا، ئاز تولا سېتىۋالغان بولاتتىم... بىراق تەلەينى نېمىگە ئالىمەن؟ ئۇنى يوقتىپ قويغان ئارىغا، سۇندۇرۇپ قويغان پىچاققا، جاراھەتلەنگەن ئىككى قولۇمغا سېتىۋالغىلى بولامدۇ؟ سېتىۋالغىلى بولىدۇ. سەن دېڭىزدا يۈرگەن 84 كۈنگە تەلەي

سېتۋالماقچی بولغانتىڭ، مانا بۇ 84 كۉن، تەلەینی ساڭا بەردی«...

كەلسە-كەلمەس خیاللارنی قلمايْ، تەلەي دېگەن هەر تۉرلۉك تۇرسا، كىم ئۇنی تونۇیالایدىكەن؟ ئىشقلىپ، قایسی خلدىكی تەلەي بولمسۇن، ماڭا ئاز-تولا لازىم، ئۇنڭغا نېمە كېرەك بولسا، مەن شۇنی بېرىمەن،- دەپ ئویلدی ئۇ،-مەن چىراق نۇرنی كۆرۉشنی ئارزۇ قلمەن. مەن ئارزۇ قلۋاتقان ئىشلار ناهایتی كۆپ. بىراق دەل هازىر ئارزۇ قلۋاتقنىم چىراق نۇرنی كۆرۉش.

ئۇ شېرىن خیاللارنی سۉرگەندە، رولنی ئوبدابراق باشقۇرغلی بولدۇ، دەپ ئویلایتتی. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بەدنی سقراپ ئاغرىغانلقتن، ئۆزىنىڭ تېخی ئۆلمگەنلكنی بلەتتی.

ئــۇ تەخمــــنەن كــېچە ســـائەت 10 لار ئەتراپــدا شــەھەردىكى چــراق نۇرنىــڭ ئاســمانغا بالقىغان قىزىل نۇرلىرىنى كۆرەلىدى. دەسلەپتە ئۇ نۇرلارنىڭ، ئاي چىقىش ئالدىدىكى ئاسماندا پەيدا بولغــان نــۇرلاردىن پەرقلىنىــدىغانلىقىنى بايقــدى. ئارقىدىن، ئاستا-ئاستا كۆچىيىپ كېتىۋاتقان دېڭىز شـــامىلىدىن دولقــۇنلار ئۆركەشـــلەۋاتقان چاغـــدا، چىراق نۇرلىرىنى روشەن كۆرەلــدى. شــۇ تاپتــا ئــۇ، دېڭىزغــا چېچىلغــان قىزىــل نــۇر ئىچــدە كېتــپ بــاراتتى ۋە مانــا ئەمــدى ئــۇزۇن قالمــاي دېڭىزنىــڭ چېتىگە يېتىمەن، دەپ ئويلەيتتى.

ئەمدى ھەممە خېيىم- خەتەر ئۆتۈپ كەتتى. بــراق ئــۇلارنى يەنە ئېتىلــپ كەلمەيــدۇ، دېگىلــى بولمايــدۇ. ئــۇلار يەنە كېلىــپ قالســا، بــۇ قــاراڭغۇ كېچىدە قولۇمدا ھېچنەرسە بولمســا، تەنھــا ئــۆزۈم قانداقمۇ تەڭ كېلەلەرمەن؟ دەپ ئويلىدى ئۇ،

شۇ تاپتا ئۇنىڭ بەدىنى ئاغرىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە بەك تولۇپ كەتكەن ئىدى .بادىنىدىكى جاراھەت ۋە بەك كۆچەپ كەتكەن جايلار، سوغاق دەستىدىن ئۇنى قاتتىق ئازابقا سېلىۋاتاتتى. مەن ئەمدى لەھەڭلەر بىلەن يەنە ئېلىشمايمەن، دېگەن ئۈمىدتىمەن. ۋ تاپتا مەن ئۇلار بىلەن ئېلىشماسلىقنى قانچىلىك ئارزۇ قىلىۋاتىمەن-ھە!

بىراق يېرىم كېچە بولغاندا، ئۇ يەنە لەھەڭلەر بىلەن ئېلىشىشقا توغرا كەلدى. بۇ نۆۋەت ئۇ لەھەڭلەرنى يېڭەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. چۈنكى، لەھەڭلەر توپلىشىپ كەلگەن ئىدى. ھاۋامۇ قاراڭغۇ بولغانلىقتىن ئۇ پەقەت لەھەڭلەرنىڭ ئۆزگۆچ قانىتىدىن سۇ يۈزىدە پەيدا بولغان يولنى ۋە لەھەڭلەر ئېتىلىپ كېلىپ ئۆلۈك بېلىققا چاپلاشقان چاغدا ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن تارالغان فوسفور نۇرىنىلا كۆرەلىدى. بوۋاي لەھەڭلەرنىڭ كاللىسىغا ئۇرۇشقا باشلىدى .ئىشقىلىپ، ئۇ،

لەھەڭلەرنىڭ كۆزىگە چېلىققان، كالتەككە پۇتلاشقان يەرلىرىگە ئالدى-كەينىگە قارىماي ئۇرۇۋەردى. شۇ ئەسنادا، ئۇنىڭ قولىدىكى كالتەككە بىر نەرسە ئېسىلغاندەك بولدى-دە، كالتەك قولىدىن چۈشۈپ كەتتى.

بوۋاي، قېيىقنىڭ تۇتقۇچىنى رولدىن يۇلۇپ ئېلىپ، ئىككى قوللاپ مەھكەم تۇتۇپ، لەھەڭلەرنى يەنە دۇمبالاشقا باشلىدى. بىراق لەھەڭلەر قېيىقنىڭ باش تەرىپىگە بېرىۋېلىپ، تەرسالىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئىدى. بىرى بىر چىشلەپ قاچسا، يەنە بىرى ئېتىلىپ كېلەتتى. ئۇلار ئاخىرقى قېتىم بېلىققا ئېتىلىپ كەلدىدە، پارقىراپ تۇرغان بېلىقنى قويماي غاجاپ قېچىشتى.

ئاخىرىدا، بىر دانە لەھەڭ، ئۆلۈك بېلىقنىڭ بېشىغا قاراپ ئېتىلدى. شۇ چاغدا بوۋاي ھەممىدىن مەھرۇم بولغانلىقىنى بىلىپ، لەھەڭنىڭ بېشىغا رول

تۇتقۇچى بلەن كېلشتۈرۈپ سالدى. ئۆلۈك بېلقنڭ بېشى لەھەڭنڭ تاڭليغا قاپلشپ قالغاچقا، ئۇ قانچە كۈچەپمۇ بېلقنڭ گۆشنى يۇلۇۋالمايۋاتاتتى. بوۋاي، لەھەڭنى كەينى- كەيندن تازا دۇمبالاۋاتقاندا، رول تۇتقۇچنڭ سۇنغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بوۋاي ئەمدى يېرلپ كەتكەن پالاقنڭ سېپنى قولغا ئېلپ، لەھەڭنڭ تېنگە كرگەنلكنى سېزپ، بارغانسېرى كۈچەپ تقتى. چۈنكى ئۇ سۇنۇپ كەتكەن پالاق سېپنڭ ناھايتى ئۇچلۇق ئكەنلكنى بلەتتى. شۇ ئەسنادا لەھەڭ، بېلقنڭ بېشنى قويۇۋېتپ، بر شۇڭغۇپلا سۇغا كرپ كەتتى .بۇ ھېلقى بر توپ لەھەڭنڭ ئەڭ ئاخرقسى ئدى. ئەمدى ئۆلۈك بېلقنڭ لەھەڭ يېگۈدەك يېرى قالمغان ئدى.

بوۋاي دېمى سقلپ، ئاغزدن غەلتە بر خل پۇراق چقۋاتقانلقنى سەزدى، بۇ خل پۇراق خۇددى مس پۇرىغا ئوخشاش بولۇپ،

مەززىلىك ئىدى .ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئەندىشە پەيدا بولدى، بىراق بۇ خىل پۇراق ئۇنچە قويۇق ئەمەس ئىدى، « يەيدىغىنىڭنى يېدىڭ، مانازورلار، ئەمدى بېرىپ چۈش كۆرۈش، چۈشۈڭدە بىر ئادەمنى نابۇت قىلغىنىڭنى كۆرۈش! »- دېدى بوۋاي نەپرەت بىلەن دېڭىزغا بىرنى تۈكۈرۈپ.

ئۇ، ئاخىرقى ھېسابتا يېڭىلگەنلىكىنى، شۇنداقلا، زىيانىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا پۈتۈنلەي ئامالسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئاندىن قېيىقىنىڭ تۇمشۇق تەرىپىگە بېرىپ، رول تۇتقۇچىنىڭ سۇنۇپ كەتكەن قىسمىنى، يەنى ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىدى-دە، ئۇنى رولغا سېلىپ قېيىقنى باشقۇرغاچ تاغارنى دولىسىغا ئارتىپ، ئەسلىدىكى يولى بويىچە قېيىقنى ھەيدەپ ماڭدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قېيىقى ناھايىتى يېنىكلەپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئەمدى ھېچنەرسىنى ئويلىمايتتى ۋە ھېس قىلمايتتى. بىڭلىدىغان

ئىشلارنىڭ ھەممىسى بولۇپ بولغان ئىدى، ئەمدىكى ئىش ئامال بار قېيىقنى ئەپچىللىك بىلەن ھەيدەپ پورتقا قايتىشلا بولدى. ئەگەر لەھەڭلەر يەنە كېلىپ ئۆلۈك بېلىقنىڭ ئۇستىخانلىرىنى غاجىسا، خۇددى بىرسى تاناق شىرەسىدە چېچىلىپ قالغان بولكا ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ يېگەندەك ئىش بولاتتى، خالاس. بوۋاي ئەمدى لەھەڭلەرنىڭ كېلىشىدىن خەۋپسىرىمەيتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ رولىنى باشقۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش بىلەن كارى يوق ئىدى.

ئۇ قېيىقنىڭ شۇنچە يېنىك ۋە توسالغۇسىز كېتىۋاتقىنىغا دىققەت قىلاتتى .چۈنكى، قېيىقنى ئارقىسىغا تارتىپ ئۇنى ھاردۇرىدىغان نەرسىدىن ئەمدى ئۇ خالىي بولغان ئىدى.

ئاشۇ رول تۇتقۇچنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قېيىغىم قىلچە زەخمە يېمەي ئوبدانلا تۇرۇپتۇ،

بىرمۇ كەمتۈك يېرى يوق رول تۇتتقۇچنى ئورنىغا كەلتۈرۈۋېلىش دېگەن ئاسان گەپ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ دېڭىز ئېقىنى ئىچىدە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدى ۋە دېڭىز ساھىلىگە جايلاشقان ئاھالىلەر رايونىدىن چاقنىغان چىراق نۇرىنى كۆردى.

شامال ھامان بىزنىڭ دوستىمىز،- دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ،- بوندىن باشقا دېڭىزمۇ بار. دېڭىزدا بىزنىڭ دوستلىرىمىز بار، دۈشمەنلىرىمىزمۇ بار .ئۇنداقتا كارىۋاتچۇ؟ كارۋات مېنىڭ دوستۇم، شۇنداق بولمايچۇ، كارۋار ھەقىقەتەن بىر قالتىس نەرسە-دە، ئۇ بولغانلىقى ئۈچۈن يېڭىلىپ قالغانلىقىمۇ ئانچە ئۆكۈنۈپ كەتمەيمەن. مەن ئىشىنىڭ مۇنداق ئاسانغا

چۈشىدىغانلىقنى زادىلا بىلمەيتمەن. ئەپسۇسكى، مېنىڭ يېڭىلىپ كېتىشىمگە نېمە سەۋەب بولدى؟

«ھېچنەرسە سەۋەب بولمىدى،- دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتىرىپ،- ئۆزۈم بەك يىراققا كەتكەن- دە»!~

ئۇ قېيىقنى ھەيدەپ كىچىك پورتقا يېتىپ كەلگەن چاغدا، دېڭىز ساھىلىدىكى مەيخانىنىڭ چىراقلىرىمۇ ئۆچكەن ئىدى، بۇنداق چاغدا كىشىلەر ئاللىقاچان كارىۋاتلىرىدا ئۇخلاۋاتقان بولاتتى. بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان دېڭىز شامىلى تېخىمۇ ئەدەپ، پورتنىڭ ئىچى سۈكۈتكە چۆمگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ، قېيىقنى قورام تاشنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدىكى سايىلىقچە ھەيدەپ باردى ۋە بىر ئامال قىلىپ قىرغاققا توختىدى. ئاندىن ئۆزى قىزغاققا چىقتىدە، قېيىقنى قورام تاشنىڭ يېنىغا باغلاپ قويدى.

ئۇ ماچىتنى چۈشۈرۈپ، يەلكەننى يۆگەپ تېڭىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى دولىسىغا ئالغىنىچە قىر بويلاپ يۇقىرى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ نەقەدەر چارچاپ كەتكەنلىكىنى ھەققىي ھېس قىلدى ۋە يېرىم يولدا ئارام ئېلىش ئۈچۈن توختاپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى، ئۇ، كوچا چىراقلىرىنىڭ سۇ يۈزىدە ئەكس ئەتكەن نۇرىدا ئۆلۈك بېلىقنىڭ يوغان قۇيرۇقىنىڭ قېيىقنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ تۇرغانلىقىنى، بېلىقنىڭ ئۇستىخانلىرىدىكى ئاقۇش يىپچىلارنى، بېلىقنىڭ بېشىنى، سوزۇلۇپ تۇرغان تۇمشۇقىنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق پارقىراق قىسىملىرىنى كۆردى.

بوۋاي يەنە يولىنى داۋام قىلىپ، قىزىنىڭ چوققىسىغا يېتەي دېگەندە يىقىلىپ چۈشتى ۋە ماچىتنى دولىسىغا توغرىسىغا قويۇپ، شۇ يەردە بىردەم ياتتى .ئارقىدىن ئورنىدىن تۇرۇشقا

تەمشىلىپ  باقسىمۇ تۇرالمىغاچقا، يول تەرەپكە قارىغاچ، ماچتىنى دولىسىغا ئېلىپ ئولتۇردى. شۇ ئەسنادا تەمتىرەپ يۈرگەن ئاللىقانداق بىر مۆشۈك يىراقتىن چېپىپ كەلدى. بوۋاي ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن، دىققىتىنى يەنە چوڭ يول تەرەپكە يۆتكىدى.

بىر ئازدىن كېيىن، ماچتىنى يەردە قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ماچتىنى كۆتۈرۈپ دولىسىغا ئالدى-دە، يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا قومۇش كەپىسىگە يېتىپ بارغىچە بەش قېتىم ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىشقا توغرا كەلدى.

بوۋاي قومۇش كەپىسىگە كىرگەندىن كېيىن، ماچتىنى تامغا يۆلەپ قويدى، قاراڭغۇدا سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ بىر دانە سۇ بوتۇلكىسىنى تاپتىدە، سۇدىن بىر يۇتۇم ئوتلىۋېلىپلا ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلىدى ۋە ئەدىيالنى ئۈستىگە يېپىپ،

قــوللىرىنى ئــۇزۇن ســوزۇپ گېرىــت ئۇســتىدە دۇم ياتاتتى.

ئىككىنچـى كـۈنى ئەتىگەنـدە، بـوۋاي تـازا قـاتتىق ئۇخلاۋاتقانـدا، بـالا كەپە ئـالـدىغا كېلىـپ ئىچىگە قاراپ باقتى.

بۈگـۈن شـامال قـاتتىق بولـۇپ، قېيىقنـى دېڭىزغـا ھەيـدەپ چىقىشـقا ئامال بولمىغانلىقتىن، بـالا قانغىچە ئۇخلىغـان ۋە ئورنىـدىن تـۇرۇپلا كۈنـدىكى ئادىتى بويىچە بوۋاينى يوقلاپ كەلگەن ئىـدى. بـالا بوۋاينىـڭ قـوللىرىنى كـۆرۈپلا ئـۈن سېلىپ يىغـلاپ كەتتى. لېكىن ئۇنى ئويغاتماستىن ئارقىسىغا قاراپ ماڭدى ۋە يول بويى يىغىدىن توختىمىدى.

بىر مـۇنچە بېلىقچىلار بوۋاينىـڭ قېيىقىنىـڭ چۆرىسىگە ئولىشىۋېلىپ، قېيىقنىڭ يېنىغا باغلاقلىق نەرسىـگە قـاراپ تۇرۇشـاتتى. بىـرەيلەن شـىمنىڭ

پۈشــقىنى تۈرۈۋېتــپ ســۇغا كىرىــپ، ئــۇزۇن تانــا بىلەن ئۆلۈك بېلىقنىڭ ئۇستىخىنىنى ئۆلچەۋاتاتتى.

بــالا تــۆۋەنگە چۈشــمىدى، چــۈنكى ئــۇ ئەتىگەن ئۇ يەرگە بارغاندا، بوۋاينىــڭ قېيىقىغــا بىــر بېلىقچىنىڭ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدى.

- ئۇنىـــڭ ئەھـــۋالى قانـــداقراق؟- دەپ ســورىدى ھېلقــى بــېلىقچىلاردىن بىرســى ئۈنلــۈك ئاۋازدا.

- ئۇخلاۋېتىپتــۇ،- دەپ جاۋاب بەردى بـالا. ئــۇ يىغلاۋاتقــانلىقىنى كىشــلەردىن يوشــۇرمىدى،- ھېچقايسىڭلار ئۇنى ئويغىتىۋەتمەڭلار.

- بۇ بېلىق بۇرنىدىن تارتىــپ قــۇيرۇقىغىچە بەش يېــرىم مېتــر ئۇزۇنلۇقتــا ئىــكەن،- دېــدى بېلىقنى ئۆلچەپ كۆرگەن ھېلقى كىشى.

بالا:

- مەن شۇنداقلىغىغا ئىشىنىمەن،- دېدى ئاندىن دېڭىز ساھىلدىكى مەيخانىغا بېرىپ، بىر قاپاق قەھۋە سېتىۋالدى،- قىزىق شورپىدىن ئالىمەن، شېكەر سالغان سۈتتىن كۆپرەك قۇيۇڭ،- دېدى ئۇ يەنە.

- يەنە نېمە لازىم؟

- باشقا نەرسە لازىم ئەمەس. بىردەمدىن كېيىن كېلىپ باقارمەن. ئۇ يەنە نېمە يەيدىكىن.

- نېمە دېگەن چوڭ بېلىق ئۇ،- دېدى مەيخانىنىڭ خوجايىنى،- مەن ئەزەلدىن ئۇنداق چوڭ بېلىقنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. ھەن تۈنۈگۈن تۇتقان ئىككى بېلىقمۇ ناھايىتى ئوبدانىكەن.

- مېنىڭ بېلىقمنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار،- بالا مۇشۇ گەپنى قىلۋېتىپ يەنە يىغلاپ كەتتى.

- سەن بىر نەرسە ئىچەمسەن؟- دەپ سورىدى خوجايىن.

- ياق،- دېدى بالا،- ئاۋۇلارغا ساندىياگ بوۋاينى ئارام ئالغىلى قويۇڭلار دەپ قويۇڭ، مەن ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن.

- ئۇنىڭغا دەپ قويغىن، مەن ئۇنى بەك سېغىندىم.

بالا بىر قاپاق ئىسسىق قەھۋەنى كۆتەرگىنىچە بوۋاينىڭ كەپىسىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

بوۋاي ئارىدا بىر قېتىم ئويغىنىدىغاندەك قىلىپ، يەنە ئۆلۈكتەك ئۇيقۇغا كەتتى. بالا ئاخىرى چوڭ يول تەرەپكە بېرىپ ئازراق ئوتۇن ئارىيەت ئېلىپ كېلىپ، قەھۋەنى قايتىدىن ئىسسىتتى.

خېلىدىن كېيىن بوۋاي ئويغاندى.

- قوزغالماڭ، ماۋۇ قەھۋەنى ئىچىۋېلىڭ،- دېدى بالا ۋە قەھۋەنى ئەينەك ئۈستاكانغا قۇيۇپ بەردى.

بوۋاي قەھۋەنى قولىغا ئېلىپلا گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى.

- بالام ماننورىن، ئۇلار مېنى مەغلۇب قىلدى،-دېدى بوۋاي،- ئۇلار راستتىنلا مېنى مەغلۇب قىلدى.

- ئۇ سىزنى مەغلۇب قىلالمىدى. ئۇ بېلىق ھەرگىز سىزنى مەغلۇب قىلالمىدى.

- شۇنداق، ھەقىقەتەن شۇنداق، بىراق ئاخىرى لەھەڭلەر مېنى مەغلۇب قىلدى.

- پېترىك قېيىقڭىزنى ۋە قېيىق ئۈستىدىكى نەرسە- كېرەكلىرىڭىزنى ساقلاۋاتىدۇ. ھېلقى بېلىقنىڭ بېشىنى قانداق قىلىمىز؟

- پېترىك ئۇنى پارچىلاپ بېلىق يېمى قىلىۋالسۇن.

- تۇمۇشۇقىنىچۇ؟

- ساڭا لازىم بولسا، سەن ئىشلەتكىن.

- ماڭا لازىم،- دېدى بالا،- ئەمدى بىز باشقا ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرايلى.

- ئۇلار مېنىڭ ئىز-دېرىكىمنى قىلمىدىمۇ؟

- ئەلۋەتتە قىلدى، سۇ ساقچىلىرىمۇ سىزنى ئىزلىدى، ئايروپىلانلارمۇ ئىزلىدى.

- دېڭىز چوڭ، قېيىق كىچىك بولغاندىكىن، ئوڭاي كۆرگىلى بولمايدۇ،- دېدى بوۋاي شۇتاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن خۇشال ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ يېنىدا كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلايدىغان ئادەم بار ئىدى، ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىپ ئولتۇرمايتتى. دېڭىزغا گەپ قىلىشىنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغان

ئـدى،- مەن سـىنى تـازا سـىغىندىم، سـەن قـانچە بىلىق تۇتتۇڭ؟

- بىرىنچى كـۈنى بىرنـى، ئىككىنچـى كـۈنى يەنە بىرنى، ئۈچىنچى كۈنى ئىككىنى تۇتتۇم.

- ناھايىتى ياخشى بوپتۇ.

- ئەمـدى يەنە ئىككىمىـز بىـرلىكتە بىلىـق تۇتقىلى چىقىمىز.

- ياق، مەندىن ئامەت قاچتى، ماڭا ئەمدى قايتىلاپ ئامەت كەلمەيدۇ.

- ئـامەت دېگـەن نـېمە ئـۇ،- دېـدى بـالا قەتئىي ھالدا،- ئامەت دېگەننى ئۆزۈم تاپىمەن.

- ئۇنـداقتا سـىنىڭ ئائىلەڭـدىكىلەر نـېمە دەر؟

- ئائىلىدىكىلەر بىلەن مېنىڭ نېمە چاتىغىم. تۈنۈگۈن ئىككى بېلىق تۇتتۇم، بۇندىن كېيىن چوقۇم ئىككىمىز بىرلىكتە بېلىق تۇتايلى، چۈنكى مېنىڭ سىزدىن ئۆگىنىدىغان نۇرغۇن نەرسىلىرىم بار.

- بىز جەزمەن بېلىقلارنى سانچىپ ئۆلتۈرەلەيدىغان نەيزىدىن بىرەرنى تەييارلاپ ھەمىشە قېيىقتىن ئايرىمايلى. سەن كونا ماشىنىلاردىكى پولات تاختاينىڭ پارچىلىرىدىن بىرەر تال تېپىپ كەل، ئۇنى بىلەپ، ئۇچىنى چىقىرىپ نەيزە قىلايلى، ئۇچى تازا ئۆتكۈر بولسۇن، ئوبدانراق تاۋلايلى، بولمىسا سۇنۇپ كېتىدۇ.

- مەن پولات تاختاينى بىلەپ كەلگەچ، يەنە بىر دانە پىچاق تېپىپ كېلەي، -دېدى بالا ۋە

سەل تۇرۇۋېلىپ سورىدى،- شامال قانچە كۈن چىقار؟

- ئۈچ كۈن چىقىشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق چىقامدۇ تېخى، كىم بىلىدۇ.

- ئۇنداقتا مەن ھەممە ئىشلارنى جايى-جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي،- دېدى بالا مېڭىشقا تەمشىلىپ،- بوۋا، سىزمۇ قولىڭىزنى ئوبدان ساقايتىۋېلىڭ.

- قولۇمنى قانداق ئاسراشنى بىلىمەن. كېچە غەلىتە بىر نەرسىلەرنى قۇستۇم، مەيدەمنىڭ بىر يېرى يىرتىلىپ كەتتىمىكىن دەيمەن.

- ئۇنداقتا شۇ يەرگىمۇ ئوبدانراق دىققەت قىلسىڭىز بولغۇدەك،- دېدى بالا، -يېتىڭ، بوۋا، مەن بېرىپ سىزگە بىر دانە پاكىز كۆينەك ۋە يەيدىغان نەرسىلەرنى تېپىپ كېلەي.

- مەن ئۆيــدە بولمىغــان كــۈنلەردىكى گېزىتلەرنىڭ ھەر كۈنلۈكى ساندىن بىردىن ئالغاچ كەل،- دېدى بوۋاي.

- سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز تېززەك ئەسلىگە كەلسە بولاتتى، چۈنكى شۇ چاغدىلا مەن سىزدىن نۇرغــۇن ھــۈنەرلەرنى ئۆگىنىۋالغــان بــولاتتىم، بىلىــدىغانلىرىڭىزنىڭ ھەممىســىنى ماڭــا ئۆگىتىــپ قوياتتىڭىز، سىز قانچىلىك جاپا چەكتىڭىز؟

- بىرەر ئېغىز سۆز بىلەن ئىپادە قىلغىلى بولمايدۇ،- دېدى بوۋاي.

- مەن بېرىــپ گېزىــت بىــلەن يەيــدىغان نەرسە تېپىپ كېلەي، سىز ياخشىراق ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ بوۋا، دورىخاندىن قولىڭىزغا سۈركەيدىغان دورىمۇ ئالغاچ كېلەي.

- يادىمدا ئۇنتۇپ قالمايمەن.

بالا ئۆيدىن چىقتى-دە، ئېگىز-پەس مارجان تاشلىق يولدا كېتىۋېتىپ يەنە ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، دېڭىز ساھىلىدىكى مەيخانىغا بىر توپ ساياھەتچىلەر كەلگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئايال، دېڭىزغا نەزەر تاشلاپ، پىۋا قاچىلايدىغان بىر دۆۋە ئىدىشلار ۋە ئۆلۈك بېلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئۇزۇن ھەم يوغان بىر تال ئاپپاق ئۇستىخاننى، كارامەت چوڭ بىر تال بېلىق قۇيرۇقىنى كۆردى. شەرق شاملى پورتتىكى پىرىستانغا تۇتاشقان دېڭىز سۈيىنى چالغىتىپ، دولقۇن ھاسىل قىلغان چاغدا، ئاشۇ قۇيرۇق دولقۇن ئىچىدە تەۋرەپ تۇراتتى.

- نېمە ئۇ،-ئايال يېنىدىكى كۆتكۆچىگە ھېلقى ئاپپاق ئۇستىخاننى كۆرستىپ تۇرۇپ سوربدى.

- تىبۇرۇن( ئىسپان تىلى بولۇپ لەھەڭ دېگەن مەنىدى)، ئىسخارىك( كۇبالىقلار لەھەڭنى ئېنگلىزچە ئاتىغان چاغدىكى توغرا تەلەپپۇز قىلىنمىغان سۆز،- دەپ جاۋاب بەردى كۆتكۆچى ۋە ئايالغا ۋەقەنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىشكە ھازىرلاندى.

- مەن ئۇنداق چىرايلىق لەھەڭلەرنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنىڭ شۇنچە كۆركەم بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن.

- مەنمۇ بىلمەيدىكەنمەن،- دېدى ئۇنىڭ ئەر دوستى.

بوۋاي يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كەپىدە بۈرۈنقىدەكلا دۈم يېتىپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن

**ئدى، بالا بر چەتتە ئولتۇرۇپ ئۇنڭغا قاراۋاتاتتى، بوۋاي بۇ چاغدا چۈشدە شرلارنى كۆرۈۋاتاتتى.**